قۇرئان كەرىم تەتقىقاتلىرىدىن (1)

# قۇرئان ۋە هايات

ئابدۇراهمان جامال كاشغەرىي

# القرآن والحياة

عبدالرحمن جمال الكاشغري

# مۇقەددىمە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.ئىنسانىيەتنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ۋە كائىناتقا رەھمەت بولۇپ كەلگەن پەيغەمبەرمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇئا-سالاملار يوللايمەن...

توغرا يول، ھىدايەت ۋە ھېكمەت ئىزدەپ قۇرئان كەرىمگە يېقىنلاشساق ۋە بارلىق ئەقلى كۈچىمىزنى سەرىپ قىلساق، قۇرئان بارلىق ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلغان بىرىنچى ۋەزىپىنى ئورۇنلايمىز. قۇرئان بارلىق ئىنسانلاردىن تەپەككۇر قىلىش، ئىزدىنىش، قاراپ چىقىش، چۈشىنىش ۋە ئەقلىنى ئىستىمال قىلىشنى تەلەپ قىلغان. قۇرئان مېۋىسىنى راستچىللىق بىلەن ئىزدەنگەن، ئەقلى ۋە قەلبىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىستىمال قىلغان ئادەمدىن باشقىسىغا بەرمەيدۇ. قىيامەت كۈنى بولغۇچە مۆجىزىلىرى تۈگەپ قالمايدىغان ۋە كۆپ ئوقۇسا كونىراپ قالمايدىغان قۇرئان ھەققىدە ئىزدىنىش داۋاملىشىدۇ.

بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن مېھرىبان ۋە رەھىمدىل مەدەنىيەت يارىتىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ ئالەم كۆز-قاراشلىرى ۋە تەسەۋۋۇرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش لازىم. دەسلەپتە ئىدىيە دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم.

قۇرئان كەرىم ھەر دەۋردىكى ئىنسانلارغا ئۆزىنى تەڭلەپ تۇرىدۇ، ئەقىدىسىنى ھەر قانداق سەۋىيەدىكى ئىنسان چۈشىنەلىگۇدەك روشەن ۋە ئاسان ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەقىدە ئاساسلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن مۇرەككەپ شەرت ياكى مۇتەخەسسىس بىلىم-مەرىپەتنى شەرت قىلمايدۇ. دىنى چۈشەنچىنى يېڭىلايمىز دەيدىكەنمىز قۇرئان تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. قۇرئان ماڭا نېمە دەپ خىتاب قىلىۋاتىدۇ؟ مەن قۇرئانغا نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرىمەن؟ دېگەن سوئاللار شەكىللىنىشى كېرەك. قۇرئانبىلەن بولغان ئالاقە بىۋاستە ئەقىل ۋە ۋىجدان ئالاقىسى بولىشى كېرەك. ھەر بىر ئايەتنى ئەقلىمىز ئارقىلىق ئىزدىنىشىمىز، تەكرار پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز ۋە قەلبىمىز ئارقىلىق تەسىرلىنىشىمىز لازىم.

قۇرئان كەرىم ئىدىيە دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىش، خاتا تەسەۋۋۇرلارنى تۈزىتىش ۋە ئىنسان قەلبىدە

تەقۋالىقنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت چوڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەقتە بۆگۈنكى قىيىنچىلىقىمىز ۋە دەۋرنىڭ رىقابەتلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر ئىزدىنىش لازىم. قۇرئان كەرىمنىڭ ئالەم كۆز-قاراشلىرى، ئادالەت، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە بىلىم-مەرىپەت...كە ئوخشاش پرىنسىپال قاراشلىرى ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى ساغلام يورۇتۇش لازىم.

قۇرئان كەرىم ھەممە نەرسىنى پرىنسىپال قائىدىلىرى بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن ھايات يولىدۇر. ئىنساننىڭ يەككە ھاياتى، پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان ئالاقىسى، كائىنات بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئۆزى بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئائىلە ۋە جەمئىيەت بولغان ئالاقىسى، مۇسۇلمانلار ۋە غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلىي ھايات يولىدۇر.

قۇرئان كۆز-قارىشىدا ئىنسان ئۇچۇن بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلگەن كائىنات ئىلاھقا ئايلىنىپ قالسا توغرا بولمايدۇ. ئىنساننىڭ دۇنيا ھاياتى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئاخىرەت ھاياتى ئۈچۈن تېرىلغۇ بولىشى، دۇنيا نېمەتلىرىنى غايە قىلىۋالماستىن پايدىلىنىشى، دۇنيادا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ھەرىكەت قىلىشى ۋە ئەتە

ئۆلۈپ كېتىدىغانىدەك ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئەمەل قىلىپ دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىنى تەڭ قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشى لازىم.

مۇھتەرەم ئوقۇرمەن بۇ كىتاب ئىككى بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمدە «قۇرئان كەرىم قانداق كىتاب؟ قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى نېمە؟قۇرئان كەرىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟...»دېگەن تېمىدا توختالدىم. ئىككىنچى بۆلۈمدە «قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ مەقسەت ۋە ھىدايىتىنى قانداق چۈشىنىش لازىم ۋە ئۇنى ھاياتقا قانداق تەتبىقلاش كېرەك»؟ دېگەن تېمىدا بىر قانچە ئايەتلەر ھەققىدە توختالدىم.

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

قاھىرە شەھىرى، مىسىر.

2016-يىلى، رامىزان ئېيى.

# بىرىنچى بۆلۈم

**قۇرئاننىڭ مەقسەتلىرى نېمە؟**

**قۇرئانغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟**

**نەقىل بىلەن ئەقىلنىڭ ئالاقىسىقانداق؟**

**مەرىپەت نەزىرىيىسى توغرىسىدا.**

# قۇرئان كەرىمگە توغرا مۇئامىلە قىلىش ئاساسلىرى

بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ نازىل قىلىپ بەرگەن ۋە بۇرمىلىنىش ياكى ئۆزگىرىشتىن ھىمايە قىلىپ ساقلىغان ئىلاھىي ۋەھىيگە ئىگە. دۇنيادا قۇرئان كەرىمدەك ھىمايە قىلىنغان بىرەر كىتاب مەۋجۇت ئەمەس. بۇ كىتابنىڭ ئايەتلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغاندەك تىلاۋەت قىلىنىدۇ، ئاڭلىنىدۇ، يادلىنىدۇ ۋە ئىزاھلىنىدۇ. ئاللاھ قۇرئاننى ئاسان قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن مىليونلىغان ئىنسانلار يادلىيالايدۇ.ئاللاھ بۇ قۇرئان كەرىمنى ئىنسانىيەتنى ئەڭ توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن نازىل قىلغان. قۇرئان كەرىم نۇر بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ئىنساندىكى تەبىئىي خاراكتېر ۋە ئەقىل نۇرىنىڭ يېنىغا باشلايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىلاھى كىتاب بولۇپ مۆجىزە، ئاسان، روشەن ۋە قوغدالغان كىتابتۇر، دىننىڭ كىتابىدۇر ۋە بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ كىتابىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلاھ، پەيغەمبەرلىك ۋە مۇكاپات ياكى جازا

مەسىلىسىدە ئەقىدە ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئىسلاھ قىلىش، شۇنداقلا ئىنسان، ئىنساننىڭ ھۆرمىتى ۋە ھوقۇقى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلارنى تۈزىتىش نىشان-مەقسەتلىرى بار. قۇرئاننىڭ ئىنسان نەپسىنى پاكلاش، ياخشى ئائىلە ۋە ياخشى جەمئىيەت شەكىللەندۈرۈش، شۇنداقلا ئىنسانپەرۋەرلىككە ئىگە پرىنسىپلارغا دەۋەت قىلىشتەك مەقسەتلىرى بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە مەقسەتلىرىنى تونۇش، ياخشى چۈشىنىش، توغرا مۇلاھىزە قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئاساسىدا ئوقۇش لازىم. ھەر بىر ئايەتتىكى قۇرئاننىڭ مەقسەت ۋە ھىدايەتلىرىنى بىلىش ھەممىدىن مۇھىم.

ئەپسۇسكى بۈگۈنكى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى، ئەقلى ۋە قەلبى بىلەن تىلاۋەت قىلمىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يوليورۇقلىرىنى ئىزدەنمىدى. بىلىش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوقۇماي پەقەتلا ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇدى. ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئوقۇماي،بەرىكەت ئۈچۈن ئوقۇدى. شۇڭا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئاساسلىرىنى بىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز.

(1)

# قۇرئان كەرىمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

## 1.قۇرئان كەرىم ئىلاھى كىتاب:

قۇرئان كەرىم ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر. بۇ كىتاب سۆز ۋە مەزمۇن جەھەتتىن پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئويغاق ۋاقتىدا ئاللاھ تەرەپتىن نازىل قىلىنغان:«قۇرئاننى بىز ھەقىقەت ئاساسىدا نازىل قىلدۇق، قۇرئانمۇ ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا نازىل بولدى، سېنى بىز پەقەت خۇشخەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق» (ئىسرا، 105-ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. بۇ كىتاب بىرەر ئالىمنىڭ ياكى بىرەر مەزھەپنىڭ كىتابى ئەمەس. كائىناتنى ياراتقۇچىسى، پۈتۈن ئالەمنىڭ رىزقىنى بەرگۈچى، مەۋجۇدىيەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى تەدبىر قىلغۇچى زاتنىڭ كالامىدۇر. سىزنى ياراتقان، سىزگە رىزىق بېرىۋاتقان، سىزنى مۇئەييەن نىشان

ئۇچۇن ياراتقان ۋە سىزگە توغرا بىلەن خاتانى، بەخت يولى بىلەن ئازغۇنلۇق يولىنى ئايرىپ بېرىدىغان زاتنىڭ كىتابى ئوقۇشقا، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە، ئىزدىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىمەمدۇ؟!.

قۇرئان كەرىم ئەقىل ۋە قەلبلەرنى تىرىلدۈرىدىغان روھ، شۇنداقلا كىشىلەر ۋە خەلقلەرنىڭ هاياتىنى ئىنتىزامغا سالىدىغان ئىلاهى دەستۇر. ئاللاھ بۇ كىتابنىڭ مەسىلىلەرنى هەل قىلىۋاتقان، سوئاللارغا جاۋاب بېرىۋاتقان ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ قەلبىنى مۇستەهكەم قىلىۋاتقان پەيتىنىڭ ئۆزىدە قەلبتە ئورناپ كېتىشى، ئەقىلگە بەكرەك تەسىر قىلىشى ئۈچۈن هادىسە ۋە ئەهۋاللارغا قارىتا پارچە-پارچە چۈشۈرگەن.

قۇرئان كەرىم هۆججەت، رەهمەت، هىدايەت، بىشارەت، ئەسلەتمە، هەقىقەت، شىپا، ئۇلۇغ، مۇبارەك، روشەن...دېگەندەك سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

### 2.قوغدالغان كىتاب:

قۇرئان كەرىم قوغدالغان كىتابتۇر، قۇرئاننى قوغداشقا ئاللاھ بىۋاستە ئۆزى ئىگە بولغان، ئۇنى خۇددى

ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارغا ئوخشاش ھىمايە قىلىشنى بىرەرسىگە تاپشۇرمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان تەۋرات ياكى ئىنجىلغا ئوخشاش بۇرمىلىنىش، ئۆزگەرتىش ياكى ئالماشتۇرۇش ھادىسىگە ئۇچرىمىغان. ئاللاھ قۇرئاننى ئۆزى قوغداشقا ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېگەن:«قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق، چوقۇم ئۇنى بىز قوغدايمىز»(ھىجىر سۈرىسى،9-ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئىنسان قولى تېگىپ باقمىغان بىردىن بىر ساماۋى مۆجىزە كىتاب. ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسى بۇرمىلىنىش ۋە ئۆزگەرتىشكە ئۇچراپ كەتكەن. قۇرئاننى قوغداشقا ئاللاھ كېپىل بولغان، قۇرئان ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرەكلىرىدە ساقلىنىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننى بۇرمىلاش ياكى ئۆزگەرتىش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى مەغلۇب بولغان.

قۇرئاننىڭ نازىل بولغىنىغا 1400 يىلدىن ئاشتى، قۇرئان ئاللاھ چۈشۈرگەن، رەسۇلۇللاھ يەتكۈزگەن ۋە ساھابىلەر قوبۇل قىلغاندەك ئۆز پېتى ساقلانماقتا. مۇسۇلمانلار قۇرئاننى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد قەلبلىرىدە يادلاپ، تىللىرىدا ئوقۇپ، قەغەز ئارقىلىق يېزىپ داۋاملاشتۇرماقتا.

3.مۆجىزە كىتاب:

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقلى مۆجىزىسى.قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ ئىلاھى مۆجىزە كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە-ئىشەنمەي قالسا شۇنداق كىتابتىن بىرنى كەلتۈرۈشتە-جەڭ ئېلان قىلغان. تاقابىل تۇرۇشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىل بولمىسىمۇ، ئىنسانلار قۇرئاننىڭ جەڭ ئېلان قىلىش چاقىرىقىغا تاقابىل تۇرالمىغان، بەزىلەر ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، نەتىجە قازىنالمىغان. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنىڭ قۇرئاننىڭ جەڭ ئېلان قىلىش چاقىرىقىغا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن:«بەندىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشتا ئاللاھدىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ياردەمگە چاقىرىڭلار، قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا راستچىل بولساڭلار. ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار-ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر-كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار»(بەقەر، 23-24-ئايەتلەر).

يەنە:«ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئانىنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»دېگەن (ئىسرا سۈرىسى، 88-ئايەت).

بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىسى ماددىي مۆجىزە بولۇپ، شۇ زامان ۋە شۇ ماكاندىكى ئىنسانلاردىن باشقىسى كۆرەلمەيدىغان ئىدى. كۆرگەنلەردىن باشقىلارغا ھۆججەت بولالمايتتى. بۇ ماددىي مۆجىزىلەر كۆزلەرنى ھەيرانغا سالىدىغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆسمۈرلۈك باسقۇچىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن مۆجىزە ئەقلى مۆجىزە بولۇپ چۈشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ ھېچبىرى مۆجىزە كىتاب ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابلار ئۆزگەرتىشكە ئۇچراپ كەتكەن.

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋى، ئەقلى مۆجىزىسى بولۇپ، قىيامەت كۈنىگىچە كۆرۈشنى خالىغان ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئەقلى ئىزدىنىش ئارقىلىق كۆرەلەيدىغان مۆجىزىدۇر. چۈنكى

بۇ كىتاب ئەقىلگە ۋە قەلبكە خىتاب قىلىدۇ، كۆزنى بىلىم-مەرىپەتتى ۋە ھېكمەتتى ئارقىلىق نۇرلاندۇرىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى خەلقئارالىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنگىچە يوقىلىپ كەتمەيدىغان، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىگە خىتاب قىلىپ تۇرىدىغان ۋە قارىشى تۇرغۇچىلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ تۇرىدىغان ھۆججەت سۈپىتىدە داۋاملىشىشى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك مۆجىزە قىلغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت ئەقلى مۆجىزىدۇر. ئىلاھى كىتابلارنىڭ ئىچىدە بىردىن بىر مۆجىزە كىتاب قۇرئاندۇر. قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە پاكىتتۇر، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھىدايەت ۋە رەھمەتتۇر. مۆجىزە ۋە پاكىت جەھەتتە ئەقلى بار كىشىلەر ئۈچۈن قۇرئان كەرىم كۇپايىدۇر:«ئۇلار«نىمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر نازىل قىلىنمايدۇ»دېدى. ئېيتقىنكى«مۆجىزىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)، مەن پەقەت بىر ئاشكارا

ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن. بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا مۆجىزە بولۇشقا كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قوۋم ئۇچۇن شەك-شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز-نەسىھەت بار» (ئەنكەبۇت، 50-51-ئايەتلەر).

## 4. بۇ ئاسان روشەن كىتاب:

قۇرئان كەرىم چۈشىنىش، ئوقۇش، يادلاش ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئاسان كىتابتۇر. قۇرئان ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن كەلگەن كىتاب بولغاچقا، ئىنساننىڭ ئەقلى، قەلبى، ھېس-تۇيغۇسى ۋە ۋىجدانىغا خىتاب قىلىدىغان ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. بۇ كىتاب ئەقىلنى يورۇتىدۇ، قەلبىنى تىترىتىدۇ، ۋىجداننى خۇرسەن قىلىدۇ، ئىرادىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە ئىش-ھەرىكەتكە ئىتتىرىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى ئىنسان تېگىگە يېتىپ بولالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىلغار، مەنىسى چوڭقۇر، بايان قىلىنىشى ئېنىق بولسىمۇ ئەقىل يۈرگۈزۈش، چۈشىنىش ۋە ئىزدىنىش ئۈچۈن تاڭ نۇرىدەك يورۇق ۋە ئاساندۇر:«بىز قۇرئاننى ئاسان

قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ»(قەمەر سۈرىسى، 17-ئايەت). «بۇ ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ۋە ئىزدىنىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر»(ساد سۈرىسى، 29-ئايەت). كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە يەكۈن ئېلىش سەۋىيىسى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر بىر كىشى سەۋىيىسىگە قارىتا چۈشەنچە ئالىدۇ.

## 5.دىنىنىڭ دەستۇرى:

قۇرئان كەرىم دىنىنىڭ كىتابى، ئىسلامنىڭ روھى. ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، شەرىئەت ۋە ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسلىرى ئۇنىڭدىن ئېلىنىدۇ.

كىم ئىسلام ئەقىدىسىنى ئەقىل ۋە قەلبگە خىتاب قىلغان ھالىتىدە ساپ-سۈزۈك بىلمەكچى بولسا، قۇرئاندىن ئۆگەنسۇن. قۇرئان ئىسلام ئەقىدىسىنى ھەممە ئادەم چۈشىنەلىگۈدەك دەرىجىدە دەلىل-پاكىتلار بىلەن ساپ-سۈزۈك، ئاسان ۋە روشەن ھالدا بايان قىلىپ بەرگەن.

قۇرئان كەرىم ئەقىدىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى بولغاندەك، شەرىئەتنىڭمۇ بىرىنچى مەنبەسى. ئەقىدە ئىماننى كۆرسىتىپ بەرسە، شەرىئەت ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن، ئىنسان بىلەن، جەمئىيەت بىلەن ۋە كائىنات بىلەن بولغان ئالاقىسىگە ئالاقىدار ئىش-ھەرىكەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىم سىياسەت، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ئوخشاش زامان ۋە ماكانغا قاراپ كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئىشلار ھەققىدە پرىنسىپال ئاساسلىرىنى بايان قىلىپ، تەپسىلاتى ھەققىدە توختالماستىن، ئىنسان ئەقلىنىڭ ئىزدىنىشىگە قالدۇرۇپ قويغان. زامان، ماكان، ئۆرپ-ئادەت ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان بەزى ھۆكۈملەرنى تەپسىلى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، نىكاھ، تالاق، مىراس...قا ئوخشاش.

قۇرئاندا كەلگەن ئەمەلىي ئەھكاملار بەك كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق بىر ئۇممەتنى يەنە ئۇممەتتىن، بىر مەدەنىيەتنى يەنە بىر مەدەنىيەتتىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەردۇر. مەسىلەن، ناماز، زاكات، روزا، ھەج، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش،

ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىش، ئامانەتلەنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇش، شەرىئەت بۇيىچە ھۆكۈم چىقىرىش؛ جازانە، زىنا، ئوخشاش جىنسىلىقنىڭ تويى قىلىشنى ھارام قىلىش، سېھىرگەرلىك، داخانلىق قىلىشنى ھارام قىلىش؛ يولسىز ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى ھەقسىز يەۋېلىش، كىشىلەرنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى كېمەيتىپ قويۇش، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى ھارام قىلىش؛ قاتىل، ئوغرى، بۇلاڭچى، تۆھمەتچى، ئاللاھ بىلەن قارشىلاشقۇچى ۋە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا جازا بەلگىلەشكە ئوخشاش ھۆكۈملەر مۇسۇلمان جەمئىيىتىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە سالاھىيەت ئاتا قىلىدۇ.

مانا بۇ كۆرسەتمە ۋە ھۆكۈملەرنى تەتبىقلاش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز ۋە لازىمدۇر، بۇنىڭدا سەل قاراشقا بولمايدۇ.چۈنكى بۇ ھۆكۈملەر ئىنساننى نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ بۇزىدىغانلىقىنى، نېمىنىڭ بەختسىز قىلىپ، نېمىنىڭ بەختلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈچى ئاللاھ تەرەپتىن يولغا قويۇلغان.

ئىسلام شەرىئىتى ئاسان ۋە قولاي شەرىئەت بولۇپ، ئىنسان كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر چىلىقلار يوق:«ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ» (بەقەر،185-ئايەت). «ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ، لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ» (مائىدە، 6-ئايەت).

بۇ شەرىئەت زۆرۈرىيەت ئەھۋاللىرىغا ۋە مەجبۇرلىنىش خاراكتېرىدىكى شارائىتلارغىمۇ رىئايە قىلىدۇ. بۇ شەرىئەت ئەقىلگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئىللەت ۋە ھېكمەت سەۋەبلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەرىئەتنىڭ ئايەتلىرى تەپەككۇر قىلىدىغانلار، بىر نەرسە بىلىدىغانلار ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن كەلگەن.

بۇ شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك مەنپەئەتى ۋە پايدىسى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. قۇرئان ئەھكاملىرىنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن مەنپەئەت ۋە ياخشىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقى، يامانلىق ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى زامانلار ئىسپاتلىماقتا.

**قۇرئاندىكى ئەخلاق:**

قۇرئان ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ئەخلاقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، ئاللاھقا قارىتا ئەخلاقلاردىن ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىش، تەۋبە قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش، رەھمىتىنى ئۇمىد قىلىش، ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇش، ئۇنىڭدىن ھايا قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، قازا-قەدرىگە رازى بولۇش، ئۇنى سۆيۈش ۋە ئاخىرەتنى دۇنيادىن ئەۋزەل بىلىش...كە ئوخشاش ئەخلاقلار.

ئىنسانىي ئەخلاقلار: راستچىللىق، ئىشەنچىلىك بولۇش، سېخىلىق، قەيسەرلىك، كەمتەرلىك، ۋاپادارلىق، ھايالىق بولۇش، ئىپپەتلىك بولۇش، مۇلايىم بولۇش، سەۋرچانلىق، ئادىل بولۇش، ياخشىلىق قىلىش، كۆيۈنۈش، ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش، تۇغقانلار ئارا مۇناسىۋەتنى باغلاش، خوشنىلارنى ھۆرمەتلەش، باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇش، ئۆتۈنۈش، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ياردەم بېرىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرگە كۆيۈنۈش، يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، مىسكىنلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بېرىش...كە ئوخشاش ئەخلاقلار.

ئاللاھ ۋە ئىنسانلار بىلەن بولىدىغان يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك ئەخلاقلار ئىمان ۋە تەقۋالىقنىڭ كامالىتىدۇر. قۇرئاننىڭ نەزىرىدە گۈزەل ئەخلاق پەرز ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسلىق مېۋىسىدۇر. قۇرئان ئەخلاقى ئەقىل، قەلب ۋە بەدەننىڭ ھەققىنى، شۇنداقلا شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەققىنى بېرىدىغان تەڭپۇڭلۇقتا ئىگە.

## 6. قۇرئان ھەر زاماننىڭ كىتابىدۇر:

قۇرئان كەرىم ھەر زامان، ھەر ماكان ۋە بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ كىتابى، ھەقىقەتنىڭ كىتابىدۇر. بۇ كىتاب ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئوخشاش ۋاقىتلىق كىتاب بولماستىن، قىيامەت كۈنىگىچە ياشايدىغان ئىنسانلارنىڭ كىتابىدۇر. چۈنكى بۇ كىتاب بۇرۇنقى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلارنى ھەر زامان توغرا يولغا باشلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرى ھاياتلىق مەۋجۇتلا بولىدىكەن دائىملىقتۇر. ئاللاھ بۇ كىتابنى قىيامەتكىچە بارلىق زاماننىڭ كىتابى قىلىشنى ئىرادە قىلىپ چۈشۈرگەن.

قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنىڭ ۋە بارلىق ھاياتلىقنىڭ كىتابى بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ بۇ كىتابنى بارلىق كىشىلەرگە نازىل قىلغان:«ئۇ (يەنى قۇرئان) پۈتۈن ئەھلى جاھانغا نەسىھەتتۇر» (تەكۋىر سۈرىسى، 27-ئايەت). «پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە(يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر»(فۇرقان، 1-ئايەت).

بۇ كىتاب پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلىدىغان ۋە ئاللاھدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن ھىدايەت ۋە ھايات يولىدۇر. مۇسۇلمان قۇرئانغا ئىخلاس بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە بۇ كىتابنىڭ ھىدايىتى، نۇرى، نەسىھەتلىرى ۋە ھېكمەتلىرىنى ئاتا قىلىدۇ:«بۇ كىتابتا پەقەت شەك يوق، بۇ كىتاب تەقۋادارلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر»(بەقەر سۈرىسى، 2-ئايەت).

قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كىتابىدۇر. بۇ كىتاب بىرەر مىللەت ياكى بىرەر زامان ياكى بىرەر ماكان ئۈچۈن خاس ئەمەس، بەلكى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ كىتابىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاب ئىنسانىيەتكە تۈرلۈك ئۇسۇللاردا

خىتاب قىلغان:«ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى،«ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن»(ئەئراف سۈرىسى، 158-ئايەت).

قۇرئان كەرىم ھەممە ئىنساننىڭ كىتابىدۇر، ھەممە ئىنسانلارنىڭ دەستۇرىدۇر.قۇرئان بارلىق ھايات ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلگەن كىتابتۇر، ھەر قايسى ساھەدىكى ھايات ئىشلىرىغا قارىتا پرىنسىپلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى بار. ئۇ ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدە توختالغان كىتابتۇر:«ساڭا بىز كىتابنى(يەنى قۇرئاننى)ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشلەر مۇھتاج بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، دىللارغا ھىدايەت، بەندىلەرگە رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق»(نەھل، 89-ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلار ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب:«ئى مۇھەممەد! بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا

شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى(يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق» (مائىدە، 48-ئايەت).

قۇرئان كەرىم بۇرۇنقىلارنىڭ ۋەقەلىكى، غەيبىي ۋە ماددى ئالەم خەۋەرلىرىنى تەكىتلەيدىغان بىردىن بىر ئىشەنچلىك مەنبەدۇر. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «قۇرئان كەرىمدە ئىلگىرىكىلەرنىڭ ۋە سىلەردىن كېيىنكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى بار، قۇرئان ئوچۇق ھەقىقەت، كىم ئۇنى يوغانچىلىق قىلىپ تاشلىۋەتسە ئاللاھ ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ، كىم ھىدايەتنى قۇرئاندىن باشقا ئورۇندىن ئىزدىسە ئازدۇرۇۋېتىدۇ. قۇرئان ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىدۇر، ھېكمەتلىك باياندۇر، ئەڭ توغرا يولدۇر. قۇرئانغا ئېسىلىپ ماڭغاندا ئېزىپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بەرمەيدۇ، تىلمۇ گاچىلىشىپ قالمايدۇ. بۇ كىتاب ئالىملار قانمايدىغان، كۆپ تەكرارلىغانغا كونىراپ قالمايدىغان ۋە مۆجىزىلىرى تۈگەپ كەتمەيدىغان كىتابتۇر. كىم قۇرئان بىلەن گەپ قىلسا توغرا گەپ قىلغان بولىدۇ، كىم ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلسا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ، كىم ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم چىقارسا ئادىل قىلغان بولىدۇ، كىم ئۇنىڭغا چاقىرسا توغرا يولغا ئېرىشكەن بولىدۇ» (تىرمىزى رىۋايىتى).

قۇرئان كەرىم ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسان ۋۇجۇدىغا خىتاب قىلىپ، بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەقىلنى قانائەتلەندۈرىدۇ، قەلبىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئىنساننىڭ ئەقلى، ۋىجدانى ۋە روھىغا خىتاب قىلىدۇ. ئىنسان زاتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە خىتاب قىلىدۇ. بارلىق تۈردىكى ئىنسانلارغا ھەر خىل خىتاب قىلىدۇ.

ئەقلى ھەقىقەتنى ئىزدىگەن ئىنسان قۇرئاندا ئەقلى رازى بولغۇدەك نەرسىنى تاپالايدۇ. روھى ھەقىقەتنى ئىزدىگەن ئىنسان ۋىجدانىنى غىزالاندۇرغىدەك ۋە روھى ئىنتىلىشلىرىنى قاندۇرغىدەك نەرسىنى تاپالايدۇ. ئىمان ئىزدىگەن ئىنسان ئەقىدە ئاساسلىرىغا روشەن كەسكىن پاكىتلارنى تاپالايدۇ. ئەخلاقى قىممەت-قاراش ئىزدىگەن ئىنسان ئارزۇ قىلغان ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى تاپالايدۇ. گۈزەللىك قىممەت-قاراشلىرىنى ئىزدىگەن ئىنسان گۈزەللىك تۇيغۇسىنى قاندۇرغىدەك نەرسىلەرنى تاپالايدۇ.

**8.ئىززەت-ھۆرمەت كىتابىدۇر:**

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتى ۋە شەرىپىدۇر:«سىلەرنىڭ شان-شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سىلەرگە نازىل قىلىپ بەردۇق. بۇنى چۈشەنمەمسىلەر»(ئەنبىيا سۈرىسى، 10-ئايەت). يەنى قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرى بۇيىچە ئەمەل قىلساڭلار، قەدرىڭلار ئاشىدۇ، ئىززەت-ھۆرمىتىڭلار يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىڭلارنى ئاشۇرىدىغان پايدىلىق كىتابقا قانداقمۇ رازى بولمايسىلەر؟ قانداقمۇ ئەمەل قىلماي تۇرالايسىلەر؟ ئەگەر ئەقىلىڭلار بولسا، قۇرئاننىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭىسىلەر!. ھېچقانداق خاتالىق ياكى ئىۋەندىن خالى مۇنداق كىتابقا ئەمەل قىلمىغىنىڭلار سىلەردە ئەقىل ۋە ئىدىيەنىڭ ساغلام ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

(2)

# قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەتلىرى

قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن مەقسەت ۋە پرىنسىپلارغا چاقىرغان. بىز بۇ يەردە بۇ مەقسەت ۋە پرىنسىپلارنى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلايمىز.

## 1.ئەقىدە ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئىسلاھ قىلىش:

(1).قۇرئان ئەقىدە ۋە تەسەۋۋۇرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تۈزۈتۈش ئۈچۈن ياراتقۇچىغا شېرىك كەلتۈرۈشنى ئەڭ ئېغىر جىنايەت قىلىپ بەلگىلىدى. چۈنكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتكە زۇلۇم قىلغانلىق، رېئاللىقنى ساختىلاشتۇرغانلىق ۋە ئىنساننى كائىناتنىڭ خوجىسى سۈپىتىدىن مەخلۇقلارغا بويسۇنۇش دەرىجىسىگە چۈشكۈنلەشكەنلىكتۇر: «ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق

جايغا تاشلىنىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ» (ھەج سۈرىسى، 31-ئايەت).

شېرىك خۇراپات ۋە ئەپسانىنىڭ ئۇۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ۋە ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىشنى بارلىق پەيغەمبەرلەر-نىڭ ۋەزىپىسىدىكى ئورتاق پرىنسىپ دەپ جاكارلىغان.

قۇرئان ئاللاھ بىلەن بەندىلەر ئارىسىدىكى ئالاقە يولىنى داغدام ئېچىۋەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامدا ئاللاھ بىلەن بەندىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنى مونوپول قىلىۋالغان بىردىكلەرگە ئورۇن يوق. ئاللاھنىڭ دەرۋازىسى ئىرادە قىلغان ھەر بىر كىشى ئۈچۈن ئوچۇق، ئۇنىڭ قولى دۇئا قىلغان كىشى ئۈچۈن ياخشىلىق بىلەن كەڭدۇر:«پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ:«ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)»(غاپىر، 60-ئايەت).

تەۋھىد (ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش) ھەقىقى ئەركىنلىكنىڭ ئاساسىدۇر، چۈنكى ئىنساننى مۇقەددەس بىلگەن ياكى تاشقا چوقۇنغان كىشىدە ئەركىنلىك بولمايدۇ. تەۋھىد قېرىنداشلىق ۋە

باراۋەرلىكنىڭ ئاساسى، چۈنكى تەۋھىد كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئۇلار بىر ئاتا-بىر ئانىنىڭ بالىلىرى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆز-ئارا قېرىنداش، ئۇلار بىر-بىرىگە نىسبەتەن ئىلاھ ئەمەستۇر، دېگەن ئېتىقادقا تايىنىدۇ. قۇرئان كەرىم باشتىن تارتىپ ئاخىرغىچە تەۋھىدكە چاقىرىدۇ، شېرىككە قارشى تۇرىدۇ. مۇۋەھھىدلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك ياخشى بولىدىغانلىقى ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىككى دۇنيادا يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىغا چاقىرىقتۇر. قۇرئان كەرىم بۇددىزم ۋە بۇرۇلۇپ كەتكەن ئەھلى كىتابنىڭ دىنلىرى بۇزۇۋەتكەن تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلغان. مەسىلەن، يەھۇدى دىنى پەرۋەردىگارنى ھېرىپ چارچايدىغان، پۇشايمان قىلىدىغان مەخلۇققا ئوخشاتقان. خرىستىيان دىنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇددىزملىقى بىلەن تەسىرلەنگەن، خرىستىيان دىنىنى بۇددىستلىق بېسىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن چېركاۋلار ھەيكەللەر توشۇپ كەتكەن. خرىستىيان دىنى ئۈچ ئىلاھلىق ئەقىدىسى، دارغا ئېسىلىش ۋە تۆلەم ئەقىدىسىنى ھىندىستانلىق-نىڭ(كىرىشنا)ئەقىدىسىدىن قوبۇل قىلغان.

(2).قۇرئــــان كەريـــم پەيغەمبەرلــــك ۋە ئىلاھـــى ۋەزىپــــدىكى تەســـەۋۋۇرنى ئىســــلاھ قىلىــــش ئۈچــۈن پەيغەمـــــبەرلىككە ئېھتىياجنىـــــڭ بـــارلىقىنى بايـــان قىلغــــان:«پەيغەمـــــبەرلەر ئەۋەتىلگەنـــــدىن كېيـــىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەر(يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمـان ئېيتـاتتىم دېگـۈچىلەر)گە باھـانە بولــۇپ قالماســلىقى ئۈچــۈن، (ئىتــائەت قىلغۇچىلارغــا جەنــنەت بىــلەن) خــۇش خەۋەر بەرگــۈچى، (ئاســيلىق قىلغــــــۇچىلارنى دوزاخــــــتىن) ئاگاھلانــــــدۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق»(نىسا سۈرىسى، 165-ئايەت).

پەيغەمبەرلەرنىـــڭ خـــۇش بىشــــارەت بېـــرىش ۋە ئازابتىن ئاگاھلانـدۇرۇش ۋەزىپىلىرىنـى بايـان قىلغـان، چـۈنكى ئـۇلار ئىـلاھ ئەمەس ياكى ئىلاھنىـڭ بالىلىرى ئەمەس، بەلكـــى ئـــۇلار ۋەھيـــي قوبـــۇل قىلىــــدىغان ئىنســـاندۇر. ئۇلارنىـــڭ دەۋەت قىلىشـقا كـۈچى يېتىـــدۇ، قەلبلەرنـى ھىـدايەت قىلىـش ياكى كـونترول قىلىشـقا كـۈچى يەتمەيـدۇ:«سـەن ئۇلارغـا ۋەز-نەسـىھەت قىلغىـن، سـەن پەقەت ئۇلارغـا ۋەز-نەسـىھەت قىلغۇچىسـەن. سـەن ئـۇلارنى ئىمانغـا مەجبۇرلىغـۇچى ئەمەسسـەن» (غـاپىر، 21،22-ئايەتلەر).

قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا كىشىلەر بۇرۇندىن تارتىپ قوزغىغان شۈبھىلارغا رەددىيە بەرگەن. كىشىلەر بۇرۇندىن تارتىپ پەيغەمبەرلەرگە: سىلەر پەقەت ئىنسانغۇ! ئاللاھ خالىغان بولسا پەرشىتىلەرنى پەيغەمبەر قىلاتتى، دەيدىغان ئىدى.شۇنداقلا قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنگەنلەر ۋە ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بايان قىلغان.

(3).قۇرئان كەرىم قىيامەت كۈنى ۋە ئۇ كۈندىكى جەننەتتىن ئىبارەت مۇكاپات ۋە دوزاختىن ئىبارەت جازا ھەققىدە كۆپ توختالغان. قۇرئان بۇ ئەقىدىنى مۇستەھكەملەش ۋە تۈزىتىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللانغان. ئۆلگەندىن قايتا تىرىلىشنىڭ مۇمكىنلىكى توغرىسىدا ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى دەسلەپتە ياراتقاندەك قايتا يارىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرگەن ۋە چوڭ جىسىملارنى يارىتىش ئالدىدا ئىنساننى يارىتىش ئاددى ئىش دەپ ئەسكەرتكەن:«ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىرلار بىلمەمدۇكى، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، ۋە ئۇلارنى يارىتىشتا چارچاپ قالمىغان ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟ئۇ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر»(ئەھقاف،33-ئايەت)

ياخشى ئىش قىلغۇچى ۋە يامان ئىش قىلغۇچىنىڭ مۇكاپات ۋە جازا مەسىلىسىدە ئوخشاش بولمايدىغان- لىقىدىكى ھېكمەتنى بايان قىلغان. ئەگەر ئىككى كىشىنىڭ مۇكاپات ۋە جازاسى ئوخشاش بولۇپ قالسا، ھايات ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئاخىرەتتە ساۋاب ۋە رازىلىققا ئېرىشىدىغانلىقى، كاپىرلارنىڭ جازا ۋە زىيانغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ۋە قورقۇنچىسى، ئىنسانىنىڭ ھەممە ئىشلىرى خاتىرلەنگەن خاتىرە، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۆلچىنىدىغان تارازا ۋە ھېچكىمگە زۇلۇم قىلمايدىغان ئىنچىكە ھېساب توغرىسىدا كۆپ توختالغان. شۇنداقلا جەننەت ۋە ئۇنىڭ ماددى-مەنىۋى نېمەتلىرى، دوزاخ ۋە ئۇنىڭ ماددى-مەنىۋى دەرد- ئەلەملىرى توغرىسىدىمۇ كەڭرى توختالغان. چۈنكى ئاخىرەت ھاياتى دۇنيا ھاياتىنىڭ داۋامىدۇر، ئىنسان ھەر ئىككى دۇنيادا جىسىم ۋە روھى بىلەن ياشايدۇ، شۇڭا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلىنىدۇ ياكى جازالىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىمىز قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدۇ، دەيدىغان شېرىك

ئېتىقادى ۋە گۇمانلىرىنى بىكار قىلىپ تاشلىغان. قىيامەت كۈنىدە مۆمىندىن باشقىسى شاپائەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، ئىنسانغا ئىش-ھەرىكىتىدىن باشقىسى پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ، بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنساننىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ:«بىر ئىنسان يەنە بىر ئىنساننىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازاغا تارتىلمايدۇ. ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» (نەجم، 38،39-ئايەتلەر).

## 2.ئىنساننىڭ ھۆرمىتى ۋە ھوقۇقىنى بېكىتىش:

قۇرئان كەرىم ئىنساننى مۇھتەرەم ئېسىل مەخلۇق دەپ تەكىتلىدى، ئاللاھ ئادەمنى يارىتىپ ئۇنىڭغا روھ ئاتا قىلدى، ئۇنى زېمىندىكى ئىزباسارى قىلىپ بەلگىلىدى، پەرزەنتلىرىنى ئۇنىڭدىن كېيىن ئىزباسار قىلىپ تەيىنلىدى. پەرىشتىلەر ئىنتىلگەن بۇ شەرەپكە ئادەم ۋە بالىلىرى مۇيەسسەر بولدى، كائىنات ئاسمان ۋە زېمىننى بىلەن ئۇلارغا بويسۇندۇرۇلۇپ بېرىلدى:«بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (تۆرلۈك قاتناش ۋاستىلىرىغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا كېمىلەرگە چىقاردۇق. ئۇلارنى

شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق» (ئىسرا سۈرىسى، 70-ئايەت).

يەنە:«بىلمەمسىلەركى، ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى (يەنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بەردى). سىلەرگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن(يەنى ماددى ۋە مەنىۋى) نېمەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ بەردى» (لوقمان، 20-ئايەت)

شۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم بەزى بىر چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ ياخشى نېمەتلەرنى ھارام قىلىۋېلىشىنى ئىنكار قىلدى:«ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» (ئەئراف، 32-ئايەت).

بەزى ئىنسانلارنىڭ شەخسىيىتىنى يوقىتىپ، باشقىلارنىڭ قۇيرۇقچىلىرى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىنكار قىلغان:«ئۇلار:پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن باشلىقلىرىمىزغا، كاتتىلىرىمىزغا ئىتائەت قىلدۇق، ئۇلار بىزنى توغرا يولدىن ئازدۇردى»(ئەھزاب، 67-ئايەت). يەنە بەزىلەرنىڭ بەزى ئىنسانىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئىلاھ قىلىۋېلىشىنى ئىنكار قىلغان.

**ئىنسان ھوقۇقى:**

قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ ھۆرمەت-ئىززىتىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىن 14 ئەسىر بۇرۇن ئىنسان ھوقۇقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن.

قۇرئان كەرىم نەزەر يۈرگۈزۈش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئەركىنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن:«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار»(يۇنۇس، 101-ئايەت). ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ: «دىنغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن زورلاشقا بولمايدۇ» دېگەن (بەقەر، 256-ئايەت). يەنە:«سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟»دېگەن (يۇنۇس،99-ئايەت).

ھەممە ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھاۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز-ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ

ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» دەيدۇ. (ھوجۇرات سۈرىسى، 13-ئايەت).

ياخشى رىزىقلاردىن بەھرىمەن بولۇش ۋە گۈزەل نەرسىلەردىن ھوزۇرلىنىش ھەققىنى بېكىتكەن: «ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» (ئەئراف،32-ئايەت)

ئىنسانىنىڭ توي قىلىش، ئائىلە قۇرۇش ۋە پەرزەنت كۆرۈش ئەركىنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن:«ئاياللار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار»(رۇم سۈرىسى، 21-ئايەت).

ھەر بىر ئىنسانىنىڭ ھايات كەچۈرۈش ھەققىنىڭ بارلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن: «كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ»(مائىدە سۈرىسى، 32-ئايەت). ھەر بىر ئىنسانىنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە

چەتـــــــئەللەرگە چىقىـــــــش ئەركىنلىكىنـــــــى مۇقەررەرلەشتۈرگەن. ھالالدىن تاپقان مال-مۈلكىدىن بەھرىمەن ھەققىنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا ھەر بىر ئىنسانىنىڭ ئۆيىنىڭ ھۆرمىتىنى قوغداش ۋە رۇخسەتسىز كىرمەسلىك ھوقۇقىنى بېكىتكەن.

ھەر بىر ئىنساننىڭ قېنى، مال-مۈلكى، ئىززەت-ئابرويى ۋە ھۆرمىتىنىڭ بارلىقىنى قارار قىلغان. ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى قوغداش ھەققىنىڭ بارلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. شۇنداقلا ھەر بىر ئىنساننىڭ (مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولسۇن) كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئادىل مۇئامىلىگە ئېرىشىش ھەققىنى ئوتتۇرىغا قويغان:«بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئادىل بولۇڭلار، بۇ تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر»(مائىدە سۈرىسى، 7-ئايەت).

ھەر بىر ئىنساننىڭ ئاجىز ياكى كەمبەغەل بولغان بولسا، بايلارنىڭ مۈلكىدىن تۇرمۇش كاپالەت ياردەم پۇلىغا ئېرىشىش ياشاش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈگەن:«ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىدا سائىللار ۋە مۇھتاجلار ھوقۇقىقا ئىگە» (زارىيات، 19-ئايەت).

جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئىنساننىڭ ھاكىم ۋە مەسئۇللار بىلەن مۇنازىرىلىشىش، ئۇلارنىڭ كۆز-قاراشلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋە شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرى بۇيىچە ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار. شۇنداقلا ھەر بىر ئىنساننىڭ يامان ئىشلارنى ئىنكار قىلىش، بۇزغۇنچىلىقنى رەت قىلىش، ئوچۇق زۇلۇمغا قارىشى تۇرۇش ھوقۇقى بار:«زالىملارغا مايىل بولماڭلار،مايىل بولساڭلار دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە ئاللاھدىن باشقا (دوزاختىن قۇتقۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر»(ھۇد سۈرىسى، 113-ئايەت). «زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار»(شۇئەرا، 151-152-ئايەت).

ئىسلام دىنى يۇقىرىقى بۇ ئىشلارنى ئىنسان ھوقۇقىدىن يۇقىرى ئورۇندا قويۇپ، پەرز دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. ھەق-ھوقۇقتا تەۋە ئىش بولسا ۋاز كەچكىلى بولىدۇ، بىراق پەرز ئىشلار بولسا ۋاز كەچكىلى بولمايدۇ.

## ئاجىزلارنىڭ ھوقۇقىنى تەكىتلەش:

قۇرئان كەرىم بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاجىزلار توغرىسىدا كۆچلۈكلەرنىڭ زۇلۇم قىلىشى ياكى ھاكىملارنىڭ ئۇلارنىڭ مەسىلىسىگە سەل قارىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت نەزىرى بىلەن قارىغان. شۇ سەۋەبتىن يېتىم ۋە مىسكىنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئىمانى مەجبۇرىيەت قىلىپ بېكىتكەن:«سىلەرنىڭ دوزاخقا كىرىشىڭلارغا سەۋەب بولغان نەرسە نېمە؟دەپ سورىغاندا، ئۇلار جاۋابەن ئېيتىدۇ:بىز ناماز ئوقۇمىدۇق، مىسكىنلەرگە تائام بەرمىدۇق» (مۇددەسسىر سۈرىسى، 42-44-ئايەتلەر).

قۇرئان كەرىم زالىم جەمئىيەتكە خىتاب قىلىپ: «سىلەر يېتىمنى ھۆرمەت قىلمايسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى مىسكىنگە ئاش-نان بېرىشكە قىزىقتۇرمايسىلەر»دېگەن (فەجر سۈرىسى، 17-18-ئايەتلەر). بۇ ئايەتتە يېتىملەرنى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھۆرمەتلەشنىڭ ۋاجىپلىقىنى بەلگىلىگەن، يېتىملەرگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى كوللېكتىپ شەكىلدە ئېلىپ بېرىشقا كۆرسەتمە بەرگەن.

يېتىملەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرى بولسا، ئۇنى ئاسراش، قوغداش ۋە مەبلەغ سېلىپ تەرەققى قىلدۇرۇش توغرىسىدا بىر بۆلەك قائىدىلەرنى كۆرسەتكەن. يېتىملەر كەمبەغەل بولسا زاكاتتىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ مال-مۈلۈكىدە ئۇلارنىڭ ھەققىنىڭ بارلىقىنى بەلگىلىگەن. شۇنداقلا تۇغقانلىرىنىڭ مۈلۈكلىرىدە ئۇلارنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن. ئۇنىڭدىن سىرت قۇرئان زېمىندىكى ئاجىز بىچارىلەرنى قوغداش ۋە ئۇلاردىن زۇلۇمنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى يولغا قويغان.

مانا بۇلار قۇرئان كەرىم ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگەن ئىلاھى كۆرسەتمىلەر بولۇپ، ئىسلام جەمئىيىتى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخى مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن.

### 3. ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھدىن قورقۇش

قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ئاللاھنى ئۇلۇغلىغان، ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ كەڭلىكى، ھېكمىتىنىڭ مۇكەممەللىكى، قۇدرىتىنىڭ كاتتىلىقى، ئىرادىسىنىڭ ئومۇملۇقى ۋە رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى

ئىزاھلىغان كىتاب تىپىلمايدۇ.قۇرئان كەرىم باشتىن ئاخىرغىچە ئاللاھنى ئۆز لايىقىدا كامالەت سۈپەتلىرى بىلەن مەدھىيىلەيدۇ، بارلىق نۇقسان سۈپەتلىرىدىن پاكلايدۇ. ئىنساننى ئىلاھى يوليورۇقلىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ يولىغا باشلايدۇ ۋە ئاللاھقا باغلايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ زېمىندا يارىتىلىشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش دەپ بايان قىلىدى:«مەن جىن ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭىلا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم»(زارىيات،56-ئايەت).

ئاللاھ ئىنساننى ياراتقۇچى، ئىشلىرىنى تەدبىر قىلغۇچى، ساناقسىز نېمەت ئاتا قىلغۇچى زات بولغانلىقى ئۈچۈن ئىبادەت قىلىشقا بىردىنبىر ھەقلىق زاتتۇر. ئىسلام دىنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى، مۇسۇلماننى پەرۋەردىگارىغا تۇرلۇك پەرز ۋە نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن باغلىدى. بۇ ئىبادەتلەر مۇسۇلماننى ئاللاھدىن قورقىدىغان سەۋىيىگە كۆتۈرىدۇ. تەقۋالىق دېگەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش ۋە چەكلىگەن ئىشلىرىدىن يىراق تۇرۇش بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسي ئاللاھدىن قورقۇشتۇر. ئاللاھدىن قورقۇش قەلبگە تەۋە ئىشتۇر.

ئاللاھ مۆمىنلەرنى باشقا ئىشلارغا بۇيرۇشتىن ئاۋال تەقۋالىق قىلىشقا بۇيرۇماقتا:«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھدىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ»(ئەھزاب، 71،70-ئايەت).شۇنداقلا كۆپلىگەن بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەردىن كېيىن تەقۋالىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان تەقۋالىقنى بۇرۇنقى ۋە كېيىنكىلەرگە ئاللاھنىڭ ۋەسىيىتى قىلىپ بەلگىلىگەن.

كىم قۇرئاننى مۇلاھىزە قىلسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بارلىق ياخشىلىقىنىڭ تەقۋالىققا باغلانغانلىقىنى بايقايدۇ. مەسىلەن، خاپىلىقتىن قۇتۇلۇش، رىزىق تېپىش، ئىشلارنىڭ ئاسان بولىشى، دۈشمەنلەردىن ساقلىنىش، ئاللاھنىڭ تۈرلۈك ياردەملىرىگە ئېرىشىش، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ھۆرمەت، ھىدايەت تېپىش، ئىشلارنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل بولىشى، جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىنىش...تەقۋالىققا باغلانغان.قۇرئان كەرىم تەقۋالىققا تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بۇيرۇغان، ئۇنىڭ تەسىرىنى بايان قىلغان، تەقۋا بولغانلارنى مەدھىيىلىگەن، قىزىقتۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

## 4. ئىنسان نەپسىنى پاك قىلىش:

ئىنسان نەپسىنى پاك قىلىش قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىنىڭ قاتارىدىن. نەپسىنى پاك قىلماي تۇرۇپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ. ئىنسان نەپسى قوش بىسلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى بۇلغاش ئىقتىدارىغا ئىگە، شۇنداقلا ئۆزىنى پاكلاش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە. شۇڭا ئىنسان ئەقلى ۋە ئىرادىسىگە تايىنىپ پاكلاش يولىنى ياكى بۇلغاش يولىنى تاللايدۇ. ئۆزىنى پاكلاش يولىنى تاللىسا غەلىبە يولىنى تاللىغان بولىدۇ:«ئۆزىنى پاكلىغان ئىنسان غەلىبە قازاندى»(ئەئلا سۈرىسى، 14-ئايەت).

پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسلىق بىر قىسمى ئىنسان نەپسىنى پاكلاشتۇر:«ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئىھسان قىلدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى»(ئال ئىمران سۈرىسى، 164-ئايەت).

بۇ ئايەتتە كەلگەن پاكلاش دېگەن سۆز پاكلىق ۋە تەرەققى قىلىش دېگەن ئىككى مەزمۇننى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەقىلنى شېرىكنىڭ خۇراپاتلىرىدىن، قەلبنى باغرىتاشلىقتىن، ئىرادىنى ھايۋانىي شەھۋەتتىن ۋە ئىتسىلنى ناچار ئەخلاقلاردىن پاكلاش لازىم. شۇنداقلا، ئەقىلنى بىلىم-مەرىپەت بىلەن، قەلبنى ئىمان بىلەن، ئىرادىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا يۈزلىنىش بىلەن، ئىستىلنى ئادالەت ۋە ئېسىل ئەخلاقنى چىڭ تۇتۇش ئارقىلىق تەرەققى قىلدۇرۇش لازىم.

ئىسلامدىكى ئىبادەت ۋە ئەدەب-ئەخلاقلارنىڭ مەقسىتىمۇ ئىنسان نەپسىنى پاكلاشتۇر. ئىنسان نەپسىنى پاكلاپ، يامانلىققا تەشەببۇس قىلىدىغان ھالەتتىن ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئىتائەت قىلىپ ماڭىدىغان ھالەتكە كۆتۈرۈش كېرەك. ئىنسان ئۆزىنى پاكلاش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ۋە قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان مۆمىنلەرنىڭ ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىشى، شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ئوچۇق روشەن بايان قىلغان مۇناپىقلارنىڭ ناچار ئەخلاقى ۋە رەزىللىكىدىن پاكلىنىشى لازىم.

## 5. ئائىلە شەكىللەندۇرۇش ۋە ئاياللارغا ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش:

ياخشى ئائىلە شەكىللەندۇرۇشنىڭ ئاساسى شەرىئەتكە ئۇيغۇن نىكاھ قىلىشتۇر. قۇرئان تويى قىلىشنى ئاللاھنىڭ قۇدرەتلىرىنىڭ قاتارىدىن دەپ بەلگىلىگەن. ئەر-ئايالنىڭ هاياتتىكى بەخت-سائادىتىنىڭ رىئاللىقا چىقىشى ئۈچۈن ئەر-ئايال ئارىسىدىكى ئالاقىنى مېھىر-مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش ئالاقىسى بولۇشنى ئىرادە قىلغان:«ئاياللار بىلەن ئۈنسى-ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئۆزلىرى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا مېھىر-مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قوۋم ئۈچۈن، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار»(رۇم، 21-ئايەت). بۇ ئايەت ئەر-ئاياللىق هاياتىنىڭ ئاساسىنى: خاتىرجەملىك، مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈشتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىل دەپ بايان قىلدى. قۇرئان ئەر-ئاياللىق ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ناهايىتى كۈچلۈك باغلىنىش ۋە مۇستەهكەم ئەهدە دەپ ئاتىدى.

ئىسلامدىكى ئائىلە قۇرۇشتىن مەقسەت ياخشى پەرزەنتلەرگە ئېرىشىشتۇر. پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى

تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن ئەر-ئايال ئارىسىدا ئېتىقاد جەھەتتىن ئۈيغۇنلۇق بولىشى لازىم، شۇڭا شەرىئەت كاپىر ياكى مۇشرىكلار بىلەن توي قىلىشىنى ھارام دەپ بېكىتتى.

ئائىلە مەسىلىسىدە قۇرئان كەرىم ئاياللارغا ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ئۇلارنى ھېچقانداق ھوقۇقى يوق دەپ قارايدىغان زۇلۇملاردىن ئازاد قىلدى. ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى تولۇق بەلگىلەپ بەردى. ئۇلارنى ئايال، ئانا، قىز بولۇش ئېتىبارى بىلەن ھۆرمەتلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار ئىسلامدا مەسئۇلىيەتنىڭ ئاساسىدا، ئىنسانىي ھۆرمەتتە، تەبىئىي ھوقۇقلاردا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى مۇكاپات-جازالاردا... ئەر كىشىلەر بىلەن ئوخشاش. دېمەك، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەردە ئوخشاش.

ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ئىككى تەرەپنىڭ باراۋەرلىك ئالاقىسىدۇر. ئىككى جىنسنىڭ بەخت-سائادىتى بىر بىرىنى تولۇقلاش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ياراتقۇچى ئاللاھ ئەر بىلەن ئايال ئارىسىنى يارىتىشتا ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكتە باراۋەر قىلىپ ياراتتى.

چىقىشىش، خاتىرجەم بولۇش، ئۆز-ئارا كۆيۈنۈش، رەھىمدىللىك ۋە ھېسداشلىق ئالاقىسى شەكىللىنىش ئۈچۈن ئىنسان جۈپتىنى ئىنساندىن يارىتىپ بەردى.

ئەر- ئاياللارنىڭ نىكاھ قىلغان چاغدا بەرگەن ۋەدىسى ئەڭ كۈچلۈك ۋەدىدۇر. ئەر-ئاياللىق ئالاقىسى ئاتا-بالىلىق ئالاقىسىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئەر-ئاياللار ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت ۋە كۆيۈنۈش باشقا تۇغقانلار ئارىسىدىكىدىنمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئايال كىشى توي قىلغاندا بەخت-سائادەتكە يۈزلەندىم دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئايال كىشى ئېرى ئۈچۈن بارلىق تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىشقا رازى بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە ئىلاھىي خىتاب ئەر بىلەن ئايالغا ئوخشاش كەلگەن، شۇنداقلا تەكلىپ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىنىڭ ئىككەيلەن ئارىسىدا ئورتاقلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن مەسئۇلىيەتمۇ ئومۇمىي كەلگەن. تەكلىپ (مەسئۇلىيەت) سالاھىيىتىدىكى باراۋەرلىكنىڭ مۇكەممەللىكى ئۈچۈن ھېساب بېرىش، مۇكاپات ۋە جازادىمۇ باراۋەرلىك تولۇق بولغان:«ئەر-ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە

ياخشى ئەمەللەرگە مۆۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز. ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز» (نەھل، 97-ئايەت).

ئەر-ئايال ئارىسىدىكى باراۋەرلىك مەسىلىسى پەرز ئەيىن دائىرىسىدە توختاپ قالماستىن، پەرز كۇپايە (ئىجتىمائىي پەرز)نىڭ كۆپىنچىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدى. مانا بۇ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتە ۋە جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ. پەرز كۇپايىنى ئورۇنداۋاتقانلار ئەرلەر بولىشى مۇمكىن ياكى ئاياللار بولىشى مۇمكىن.

**6.ئىنسانىيەتكە گۇۋاھلىق بېرەلىگۇدەك ئۇممەتنى يېتىشتۇرۇش:**

قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەتلىرىنىڭ بىرى، ئىلاھى ۋەزىپىسىنى تەتبىقلايدىغان، ھاياتنى ئەقىدىسى ۋە شەرىئىتىگە ئۇيغۇن قۇرۇپ چىقىدىغان، پەرزەنتلىرىنى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەربىيىلەيدىغان ۋە ئىنسانىيەتنى ياخشىلىق، نۇر ۋە رەھمەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن ئىلاھى ۋەزىپىسىنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزىدىغان ئۇممەت شەكىللەندۇرۇشتۇر:«بىز سېنى پەقەتلا پۈتۈن جاھانغا رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» (ئەنبىيا سۈرىسى، 107-ئايەت).

ئىسلام دىنى ئۇممەتنى تىلى ياكى رەڭگى ياكى زېمىنى ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئەقىدە ۋە ئىدىيە ئاساسىدا قۇرۇپ چىقىشنى ئىرادە قىلغان. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە نەرسىدىن ئىلگىرى ئەقىدە ۋە ئىلاھى ۋەزىپىنى ئاساس قىلىدىغان ھەقىقەتكە ئەزا بولۇشىنى ئىرادە قىلغان.

## ئىسلام ئۇممىتىنىڭ قۇرئاندىكى ئوبرازلىق سۈپەتلىرى:

### (1).رەببانى (ئىلاھىي ئەخلاقلىق):

بۇ ئۇممەتنىڭ مەنبەسى ئىلاھىدۇر، يۆلىنىشىمۇ ئىلاھىدۇر. چۈنكى بۇ ئۇممەتنى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى شەكىللەندۈرگەن، ئەھكاملىرى پەرۋىش قىلىپ يېتىلدۈرگەن: «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئوتتۇراھاللىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئۇممەت قىلدۇق»(بەقەرە، 143-ئايەت). يەنە:«ئى مۇھەممەد ئۇممىتى! سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر...»دېگەن (ئال ئىمران، 110-ئايەت). دېمەك، بۇ ئۇممەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئىلاھى، يۆلىنىشىمۇ ئىلاھىدۇر، چۈنكى بۇ ئۇممەت ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ۋە ئاللاھنىڭ مېتودىنى زېمىندا ئەمەلىي تەتبىقلاش ئۈچۈن ياشايدۇ.

(2).**ئوتتۇراھاللىق:**

ئوتتۇراھاللىق بۇ ئۈممەتنى ئىنسانىيەتكە گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئۇستازلىق قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان سۈپەت. بۇ ئۈممەت ئېتىقاد، تەسەۋۋۇر، ئىبادەت، ئەخلاق، ئىستىل، تۈزۈم، پىكىر ۋە تۇيغۇغا ئوخشاش ھەر قايسى تەرەپتىن ئوتتۇراھاللىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.روھ بىلەن ماددا ئارىسىدا، نەمۇنىلىك بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا، ئاقىلانىلىق بىلەن ۋىجدان ئارىسىدا، يەككىلىك بىلەن كوللېكتىپ ئارىسىدا، مۇقىملىق بىلەن تەرەققى قىلىش ئارىسىدا ئوتتۇراھاللىققا ئىگە ئۈممەت.بۇ ئۈممەت ئەڭ توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئۈممەت.

(3).**دەۋەت قىلىش:**

بۇ ئۈممەت ھەقىقەت، ياخشىلىق ۋە ھىدايەتنى باسۇرۇپ ياتىدىغان ئۈممەت بولماستىن، باشقىلارنى دەۋەت قىلىدىغان ۋە ئىلاھى ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان ئۈممەتتۇر. ئىمان ئېيتىش بىلەن بىرگە دەۋەت قىلىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش بۇ ئۈممەتنى باشقا ئۈممەتلەردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدىغان ئاساستۇر. بۇ ئۈممەت يۇقىرىقى

خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق باشقىلاردىن ھەقىقەت مىزانىدا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىسلام دىنى دۇنياۋى دىن بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنياۋىلىق سۈپەتكە ئىگە بۇ ئۈممەت ھەقىقەتنى بارلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشى، ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشى لازىم.

(4).بىرلىك:

ئىسلام ئۈممىتى تۈرلۈك مىللەت، تىل ۋە رەڭلەردىن تەركىپ تاپقان بولسىمۇ، بىرلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بىر ئۈممەتتۇر. ئىسلام دىنى دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئېتىقاد ۋە شەرىئەت ئاساسىدا بىرلەشتۈرگەن:«ماۋۇ ئۈممەت بىر ئۈممەتتۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» (ئەنبىيا سۈرىسى، 92-ئايەت).

ئاللاھ بۇ ئۈممەتنى ئەقىدە، شەرىئەت، نىشان-غايە، مېتود، ئىبادەت، ئەخلاق، تۈزۈم ...جەھەتلەردىن بىرلەشتۈرگەن. بۇ ئۈممەتنىڭ پەرۋەردىگارى بىر، پەيغەمبىرى بىر، قۇرئانى، قىبلىسى بىر، شەرىئىتى بىر، چوڭ يۇرتى بىر ۋە سىياسى بىرلىكىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ تۇرىدىغان يېتەكچىسى بىر

ئۇممەتتۇر:«بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن)ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ»(ئەنئام سۈرىسى، 153-ئايەت).

بۇ ئۇممەت تۈرلۈك مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان بىر ئۇممەتتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام قېرىنداشلىقى باشقا ھەر قانداق قېرىنداشچىلىقتىن يۇقىرى تۇرىدۇ، ئىسلام قېرىنداشلىقى ئىماننىڭ ئىپادىسىدۇر: «بارلىق مۆمىنلەر قېرىنداشتۇر» (ھوجۇرات، 10ئايەت)

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، ئىمان ئاساسىدىكى ئىسلام قېرىنداشلىقى ھەر بىر مىللەتنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى-ئىسلام قېرىنداشچىلىقىغا قارشى چىقمىسا-ئىنكار قىلمايدۇ. ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيان كەلتۈرمەيدىغان مىللەتپەرۋەرلىك روھى ھەرگىزمۇ چەتكە قېقىلمايدۇ، بەلكى ئالقىشلىنىدۇ. چۈنكى ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ياخشىلىقنى ياخشى كۆرۈشى ۋە ئۇلاردىن زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇشى ئىنساندىكى تەبىئىي تۇيغۇدىن ئىبارەت.

**7.ھەمكارلىشىدىغان ئىنسانىيەت دۇنياسىغا دەۋەت قىلىش:**

ئىسلام دىنى نىشان، قىممەت-قاراش ۋە مېتود جەھەتتە ئاللاھقا بىر ئۈممەت بولۇشقا چاقىرسىمۇ، ئۆزىگە بېكىنمىچىلىك قىلىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى خەلقئارالىق دىن، بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەلگەن دەۋەت ۋە ئاللاھنىڭ ھەر بىر بەندىلىرى ئۈچۈن رەھمەتتۇر.

ئىسلام ئۈممىتى بۇ خەلقئارالىق دەۋەتنى پۈتۈن دۇنياغا يەتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىنغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۈممەت ھىدايەت تاپقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئىسلاھ بولغاندىن كېيىن ياخشىلىق ۋە نۇرنى بېسىپ يېتىۋالسا بولمايدۇ. باشقىلارنى ئاللاھنىڭ نۇرىغا باشلىشى، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىشى ۋە ئاللاھ نېسىپ قىلغان ياخشىلىققا چاقىرىشى لازىم. بۇ ئۈممەت كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش، كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزۈش، كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىش ئۈچۈن چىقىرىلغان ئۈممەتتۇر. بۇ ئۈممەتنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى باشقىلارنى دەۋەت قىلىشتۇر. بۇ ئۈممەت باشقىلارنى يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش، دۇنيانىڭ تارلىقىدىن

ئاخىرەتنىڭ كەڭلىكىگە يۈتكىلىش ۋە دىنلارنىڭ زورلايدىغان زۇلۇمىدىن ئىسلامنىڭ ئەركىنلىك بېرىدىغان ئادالىتىگە چىقىرىش ئارقىلىق ئىنسانىي ئەركىنلىكنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا بۇيرۇلغان.

ئىسلامنىڭ خەلقئارالىق ۋەزىپىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئومۇمىي رەھمەتتۇر ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چاقىرىقتۇر. ئىسلامنىڭ رەھىمدىللىكى ياكى ياخشىلىقنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

**(1).ئىنساننى ئىنسانغا ئىبادەت قىلىشتىن ئازات قىلىش**

ئىسلام دىنى خالىس تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ۋە شېرىكنىڭ بارلىق تۈرلىرىگە قارىشى تۇرۇش ئارقىلىق ئىنساننى ئىنسانغا قۇلچىلىق قىلىشتىن ئازات قىلدى، شۇنداقلا نەرسىلەر ياكى خىياللارغا قۇلچىلىق قىلىشتىنمۇ ئازات قىلدى. ئىسلام دىنى كىشىلەر مۇقەددەس بىلىپ يۈرگەن ساختا ئىلاھلارنى كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر نەزەردىن يۇتۇنلەي

ساقىت قىلىۋەتتى. ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلارغا ئىبادەت قىلىشىنى ۋە باش قويۇشىنى پۈتۈنلەي چەكلىۋەتتى.

**(2). ئىنسانىي قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك:**

ئىسلام دىنى دەۋەت قىلغان تەۋھىدنىڭ مېۋىلىرىنىڭ قاتارىدىن ئىنسانىي قېرىنداشلىق ۋە ئىنسانىي باراۋەرلىكتۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى تەۋھىد دەۋىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بىر پەرۋەردىگارنىڭ بەندىلىرىدۇر، ئۇنداقتا ھەممە ئىنسانلار ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش دەرىجىسىدە ئوخشاش. شۇنداقلا ئۇلار بىر ئاتىنىڭ باللىرى بولۇپ، ئادەمنىڭ باللىرى بولۇش دەرىجىسىدە باراۋەر.

رەسۇلۇللاھ نۇرغۇن ئادەم توپلاشقان ھەج پائالىيىتىدە:«ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلار بىر، ئاتاڭلارمۇ بىر، ھەممىڭلەر ئادەمنىڭ باللىرى، ئادەم باللىرى ئارىسىدا تەقۋالىقتىن باشقا ئارتۇقچىلىق بولمايدۇ»دېگەنىدى(ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ قۇرئاندا:«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھاۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا

تونۇشۇشـۇڭلار ئۈچـۈن سـىلەرنى نۇرغـۇن مىلـلەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىـــــڭ دەرگاھىـــــدا ئەڭ ھۆرمەتلىـــــك ھېسابلىنىسـىلەر (يەنـى كىشـىلەرنىڭ بىـر-بىرىـدىن ئـارتۇق بولۇشـى نەسـەب بىـلەن ئەمەس، تەقۋادارلىـق بىـــلەن بولىـــدۇ)، ئـــاللاھ ھەقىـــقەتەن ھەممىنـــى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»دەيدۇ. (ھۇجـۇرات سۈرىسى، 13- ئايەت).

رەسۇلۇللاھ:«بەندىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىــگە مەن گــۇۋاھ»دېگەن(ئەھــمەد رىــۋايىتى). دېـمەك، بەنـدىلەرنىڭ ھەممىسـى ئومـۇمىي ئىنسـانىي جەھەتــتىن قېرىنداشــتۇر. قېرىنداشــلىق:ئۆز-ئــارا مـۇھەببەت، باراۋەرلىـك ۋە ھەمكارلىشىشـتىن ئىبـارەت ئۈچ ئامىلدىن شەكىللىنىدۇ.

ئىســـلامدا ئىمـــان ئۈســـتىگە قۇرۇلغـــان دىنـــى قېرىنداشلىق بار بولۇپ، بۇ قېرىنداشلىق ھەر قانداق قېرىنداشــلىقتىن يــۇقىرى ئورۇنـــدا تۇرىـــدۇ، بـــۇ قېرىنداشلىق باشقا تۆردىكى ئىنسانىي قېرىنداشلىق، مىلـــــلەت قېرىنداشـــــلىقى ۋە ۋەتەنـــــداش قېرىنداشچىلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. قۇرئان كەرىم بـۇ خىل تۆردىكى قېرىنداشلىقنىمۇ ئىسپاتلىغان.

**(3). ھەممە كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىش:**

ئىسلام دىنى بارلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى تۇرغۇزۇشقا دەۋەت قىلغان، بۇ يەردىكى ئادالەت چاقىرىقى پەقەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئارىسىدا بولىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا ئىلاھى دىنىنىڭ مەقسەتلىرىنى بايان قىلىپ:«بىز پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى ۋە ئادالەت قانۇنىنى چۈشۈردۇق» (ھەدىد سۈرىسى، 25-ئايەت). پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە ئىلاھى كىتابلارنى چۈشۈرۈشتىكى مەقسەت ئىنسانىيەت ھاياتىدا ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بېرىدىغان ئادالەت ۋە ئادىللىقنى رېئاللىققا ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر:«ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» (نىسا، 58-ئايەت).

ئىسلام دىنىدا ئادالەت يېقىن ياكى يىراق تۇغقانچىلىقتىن، ياخشى كۆرۈش ۋە يامان كۆرۈش

تۇيغۇسىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ:«ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ۋە ئاتا-ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا(گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار» (نىسا سۈرىسى، 135-ئايەت).

يەنە:«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قوۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار ئۇلارغا ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، دۈشمىنىڭلارغا ئادىل بولۇڭلار، بۇ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر»دەيدۇ. (مائىدە، 8-ئايەت). مانا بۇ ئادالەت...

### (4). دۇنياۋى تىنچلىق:

ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشنىڭ ئورنىغا تىنچلىققا دەۋەت قىلغان. ئىسلامدىكى ئاللاھ يولىدىكى كۆرەش دەۋەتنى ياكى مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش، مۇسۇلمانلارغا جەڭ ئېلان قىلغانلارغا قارىشى ئۇرۇش قىلىش، زېمىندىكى ئاجىزلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى

ئەدەپلەپ قويۇش ئۇچۇن پەرز قىلىنغان:«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا كۆرەش قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ دوست تۇتمايدۇ (بەقەرە سۈرىسى، 190 ـ ئايەت).

يەنە:«تاكى زىيانكەشلىك، بوزەك قىلىش ۋە ئەقىدە سەۋەبىدىن ئىزىش تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ»دەيدۇ(بەقەرە، 193 ـ ئايەت). رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار مۇداپىئە ئۇرۇشى ئىدى. ئىسلامدىكى ئەسلى قائىدە تىنچلىق، ئۇرۇش قىلىش ئايرىم ئەھۋالدۇر.

### (5). كەڭ قورساق بولۇش:

ئىسلام دىنى دەۋەت قىلغان پرىنسىپ ۋە قىممەت ـ قاراشلارنىڭ بىرسى، مۇسۇلمان بولمىغانلار بىلەن كەڭ قورساق بولۇش، دۈشمەنلىك قىلمىسا ئۇلارغا ئاداۋەت تۇتماستىن ئالىي ئىنسانىي روھ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتۇر. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمان بولمىغانلارنى بىر تاياقتا ھەيدىمەستىن ئىككى تۈرگە

ئايرىپ مۇئامىلە قىلغان. بىر تۈرى مۇسۇلمانلار بىلەن دىن سەۋەبلىك ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ ۋە بوزەك قىلىدۇ. يەنە بىر تۈرى بولسا بۇ تۈردىكى قەبىھ ئادالەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمان بولمىغانلارغا قارىتا ئالاقە توغرىسىدا ئېنىق كەسكىن روشەن قانۇننى بەلگىلىگەن:«كۇففارلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتىشىڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر» (مۇمتەھىنە، 8-9-ئايەتلەر).

ئاندىن مۇسۇلمانلار بىلەن توختام تۈزگەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىر تۈرى: ۋاقىتلىق توختام بولۇپ، توختام مۇددىتى تۈگىگەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ توختامدىپلوماتىيە ئالاقىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

يەنە بىر تۈرى: داۋاملىق توختامغا ئىگە كىشىلەر بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇلارنى"ئەھل زىممە" (يەنى دائىم ئامانلىقتا ئېرىشكۈچىلەر) دەپ ئاتايدۇ. بۇلار پايدا-زىياندا مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش ھۆكۈمدە بولىدۇ. بۇلار ئىسلام دىيارىنىڭ ۋەتەنداشلىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ.

(بۇ ماقالە د.يۈسۈپ قەرزاۋىنىڭ"قۇرئانغا قارىتا قانداق مۇئامىلە قىلىمىز"ناملىق كىتابىدىن قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىندى).

# قۇرئان ئەقلى مۆجىزە

ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسىنى باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان، ئىسلامنىڭ دەۋرلەر بويى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئەقلى مۆجىزىسى قىلىپ بېكىتكەن. مانا قۇرئان ھەر دەۋر ۋە ھەر زاماندا ئىنسان ئەقلىگە خىتاب قىلىپ كەلمەكتە. قۇرئان ھىدايەت كىتابى، رەسۇلۇللاھنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە مۆجىزىسى. قۇرئان ھەر قانداق دەۋر ئۈچۈن مىسلىسىز ئەقلى مۆجىزە، چۈنكى قۇرئان ئەقىلگە خىتاب قىلىدۇ، ئەقىلنى ھۆرمەتلەيدۇ، قەلب ۋە ۋىجدانغا نىدا قىلىدۇ، ئەقىل بىلەن ساغلام لوگىكا ئاساسىدا مۇنازىرىلىشىدۇ، بىر ئادەمنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلىمايدۇ.

ئىنسان ئەقىل بولمىغان بولسا ئىسلام دىنى، پەيغەمبەرلىك، ياخشىلىق-يامانلىق ۋە توغرا-خاتانى بىلەلمىگەن بولاتتى. ئەقىل ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئاستى قۇرۇلمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقىلنىڭ كەسكىن يەكۈنلىرى ئىسلام ئالىملىرى نەزىرىدە كەسكىن ھەقىقەت دەپ قارالدى. مانا ئاللاھدىن بەك قورقىدىغان كىشىلەر كائىنات، ھايات ۋە

يارىتىلىشىنىڭ سىرلىرىنى بىلىدىغان ئالىملار.چۈنكى كائىنات، ھايات ۋە يارىتىلىشىنىڭ سىرلىرىنى بىلمەيدىغان ئىنسان ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمەيدىغان ئىنساندۇر.

ئىسلام دىنى ئەقىلگە ئەركىنلىك چۈشۈرىنى قويۇپ بېرىپ نەزەر يۈرگۈزۈش، ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش يولىنى ئېچىپ بېرىپ ئىلىم پەنگە چاقىردى. مانا ئىسلام ئىدىيىسى ئىدىيە ئەركىنلىكى ۋە ئاللاھ بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان.

قۇرئان كەرىم ئەقىلنى بايان قىلسا ئەقىلنى تەرتىپكە سېلىش، ئەقىل بىلەن ئەمەل قىلىش ۋە ئەقىلگە تايىنىش ئورنىدا بايان قىلىدۇ. شەرىئەتتە بۇيرۇق ۋە چەكلىمە كەلگەن ھەر بىر ئورۇندا مۇسۇلماننى ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا قىزىقتۇرىدۇ ياكى ئەقلىنى ئىشقا سالمىغانلىقىغا قارىتا ئەيىبلەيدۇ. قۇرئان كەرىم ئەقىلنى ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈپ كەتمىدى، بەلكى ئەقىلنىڭ ھاياتتىكى رولىنى قەدىرلەيدىغانلىقى ۋە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

ئىسلام خەلقئارالىق ھەزارەت بولغاچقا ئەقىل ۋە بىلىم-مەرىپەتكە دەرۋازىلىرىنى ئاچتى، ھەزارەت ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى قوغداپ كەلدى،

بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ كۈچىنى يوققا چىقىرۋەتمىدى، ياخشى نەتىجىلەر ۋە پايدىلىق ئىداراە تۈزۈملىرىنى نەقىل قىلىپ قوبۇل قىلدى.

***

ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەڭ ئىلغار چارىسى قۇرئان كەرىم، چۈنكى بۇ كىتاب ھىدايەت، ھەقىقەت، ۋەز-نەسىھەت، بايان، نۇر ۋە ئەڭ توغرا يولغا باشلىغۇچى. قۇرئان كەرىم ئىنسان نەپسىنى ئەڭ ياخشى تەپسىلى بىلىدىغان زات تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىش، تۈزۈتۈش ۋە پاكلاش ئۈچۈن چۈشكەن كىتاب. شۇڭا نەپسىنى ئىسلاھ قىلىشتا قۇرئان كۆرسەتكەن ۋاستە ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىدۇر. قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، تەپەككۇر قىلىش، ئىزدىنىش، تەسىرلىنىش ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىش ئۆزىنى پاكلاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى. كىم ئۆزىنى پاكلىماقچى بولسا قۇرئان سايىسى ئاستىغا كىرسۇن. بۇرۇنقىلارنى پاكلىغان دورا، ھازىرمۇ قولىمىزدا ئۆز پېتى بار. بۇرۇنقىلارنى تەرەققىي قىلدۇرغان ۋاستە ئالدىمىزدا بار، ئۇ بولسىمۇ چۈشكەندىن تارتىپ ئۆز پېتى ساقلىنىپ كەلگەن ئىلاھى ھەل قىلىش دورىسى.

قۇرئــان هايــات يــولى كىتــابى بولــۇپ، ئۇنىڭغــا يــۈزلەنگەن ۋە ئۇنىــڭ تەســىر دائىرىســىگە كىــرگەن ئىنسان ئۈچۈن شىپا. بۇ قۇرئـان ئىنسـان ئەقلـى تەسـىر دائىرىســىنى ھــېس قىلىــپ بولالمىغــۇدەك زور كــۈچكە ئىــگە كىتــاب. بــۇ تــاغنى ئورنىــدىن ماڭــدۇرۇۋېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىتاب. قۇرئان ھېسسىيات، ئەقىــل ۋە قەلبىگە تەسىر بېرىشتە يېگـانە قـۇدرەتتى ئـارقىلىق ئېنىرگىيە ۋە مەنىۋى كۈچ بېغىشلايدىغان مەنبە.

قۇرئــان كەرىــم ئىنســاننى ياراتقــان ۋە ئىنســاننى ئىنســـــاندىن بەكـــــرەك تولـــۇق چۈشـــىنىدىغان زات تەرىپىــدىن كۆرســىتىپ بېرىلگەن يېگـانە دورا. قۇرئـان ئالـلاھنىــڭ ئىنســانغا تــاللاپ بەرگەن دورىسى. ئىنسـان ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن چوقـۇم ئـۆزىنى ياراتقـان زات تەرىپىــدىن كەلــگەن دورىنــى ئىســتىمال قىلمىســا شىپا تاپالمايدۇ.

قۇرئان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشى ۋە پاكلىشى ئۈچۈن توغرا باشلىنىش يولى، چـۈنكى بـۇ يـول ئىلگىرى تەجرىبىدىن ئۆتكەن ئۇنۇملـۈك يـول. بـۇرۇنقى مۇسۇلمانلار قۇرئانغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ئـارقىلىق بىر قانچە يىل جەريانىدا ئەڭ ئالدىنقى قاتـاردىن ئـورۇن ئالغــان. ئىنســانىيەت ئۈچــۈن ئەڭ ياخشــى ئەۋلاد، ئەڭ

ياخشى مىللەت ۋە ئەڭ ياخشى ھەزارەت يېتىشتۈرۈپ چىققان نەرسە قۇرئان كەرىم.

كىتاب ئوقۇغانلار ئوقۇش ئارقىلىق بىر نەرسە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، ئەپسۇسكى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار قۇرئانغا كەلگەندە بىر نەرسە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوقۇماستىن، ئىخچام بولسىمۇ چۈشىنىش ئۈچۈن ئەقلىنى ئىشلەتمەستىن، پەقەتلا ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ! بولمىسا ئاللاھ بۇ كىتابنى كىشىلەر ئوقۇپ، مەزمۇنلىرىنى مۇلاھىزە قىلسۇن، مەقسەتلىرىنى چۈشەنسۇن ۋە شۇ ئاساستا ھايات كەچۈرسۇن دەپ چۈشۈرگەن كىتاب ئىدى:«بۇ ئۇلارنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر»(ساد، 29-ئايەت)

كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلمىدى، قۇرئاننى ئوقۇش بىلەنلا توختاپ قالدى، ئايەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئەمەل قىلىش بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلمىدى.ئاللاھ بۇ قۇرئاننى چۈشىنىپ، شۇ ئاساستا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن كىتاب ئىدى، بىراق كىشىلەر تىلاۋەت بىلەن ئىشنى تۈگەتتى. تىلاۋەتتىن مەقسەت تەسىرلىنىش ئىدى. ئىززەت-شەرەپ مەنبەسى بولغان

قۇرئاننى تىلاۋەت بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، مەزمۇنلىرىغا چوڭكىنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇممەت يولنىڭ خەرىتىسىنى تۇغرا ئوقۇيالماي ۋە مەشىئەلنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، قاراڭغۇدا يول يۈرۈپ ئازگاللارغا يىقىلدى، مىللەتلەرنىڭ ئارقىدا قالدى ۋە قىممىتىنى يوقىتىپ قويدى.

قۇرئاننى تەۋەررۇك كىتاب، ئوقۇساق ئەجىر بار كىتاب دېگەن نۇقتىغا يەكۈنلەپ، قۇرئانغا تىلىمىزنى بېرىپ، ئەقلىمىز ۋە قەلبىمىزنى بەرمىدۇق. سۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈپ مەنىسىگە ئەھمىيەت بەرمىدۇق. رەسۇلۇللاھ بۇ خىل ھالەتتىن ئاللاھقا شىكايەت قىلغان ئىدى:«پەيغەمبەر:«ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەۋمىم بۇ قۇرئاننى تاشلاندۇق قىلىپ قويدى» دېگەن (فۇرقان سۈرىسى، 30-ئايەت).

ئىززەت-ھۆرمىتىمىزنىڭ مەنبەسى ئاللاھنىڭ كىتابىنى تاشلاندۇق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇق، بەخت-سائادىتىمىزنىڭ ئاچقۇچى بولغان قۇرئانغا غەلىتە مۇئامىلە قىلدۇق... قۇرئانغا بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدا مۇئامىلە قىلدۇق. تىلاۋىتى بار، بىراق روھى، مۆجىزىسى، تەسىرى ۋە ھاياتنى يېتەكلەپ مېڭىشى يوق. قۇرئانغا پۈتۈن روھىمىز ۋە ۋۇجۇدىمىز بىلەن مۇئامىلە قىلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن قۇرئاندىن ھەقىقى پايدىلىنالمىدۇق. مانا بۇ قۇرئاندىن پايدىلىنالماسلىقتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇدىن ئىبارەت.

# ۋەھيي بىلەن ئەقىلنىڭ ئالاقىسى

(1)

## قۇرئان ۋە ئەقىل

ئەقىل ھەقىقىي بىر مۆجىزە، بۇ مۆجىزىنى ئاللاھ ئەھمىيەتسىز يارىتىپ قويمىدى، ئىنسانغا ھۆججەت بولسۇن ئۈچۈن ياراتتى. ئەقىل ئىنساننىڭ ھەقىقەتكە يېتىشى ئۈچۈن ئاللاھ ئاتا قىلغان نۇرى، تەپەككۇرنىڭ يولى، مەرىپەت ۋە ئىماننىڭ ئاچقۇچى.

ئىسلام دىنى بىلىم-مەرىپەت ۋە ئالىملارنىڭ قەدرىنى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ :«ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»(مۇجادىلە سۈرىسى، 11-ئايەت). ئىسلام مۇسۇلمانلارنى بىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشكە چاقىرىپلا توختاپ قالماستىن، ھايات ۋە كائىناتقا نەزەر يۈرگۈزۈش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىشكە چاقىرىق قىلىدۇ.قۇرئاندا «ئەقىل»دېگەن سۆز يانداش سۆزلىرى بىلەن 300 قېتىم تەكرارلانغان، «ئىلىم»(بىلىم) دېگەن سۆز يانداش سۆزلىرى بىلەن 1500 قېتىم تەكرارلانغان.

ئىسلام ئەخلاق-پەزىلەتكە باغلانغان ئەقىلنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە قەدرىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئەقىلنى ئاساسلىق مەرىپەت مەنبەلىرىنىڭ قاتارىدىن دەپ بەلگىلەيدۇ. قۇرئان ئەقىلنى تىلغا ئالسا ئۇلۇغلاش ئورنىدا ۋە ئەقىلنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ئاساسىدا بايان قىلىدۇ.

قۇرئانىنىڭ ئەقىلنى ئىشقا سېلىشقا چاقىرغانلىقى ئەقىلنىڭ ئورنىنى تەكىتلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئىنساننى تەپەككۇر قىلىش، ئانالىز قىلىش، چۈشىنىش ۋە ئاڭقىرىشتىن ئىبارەت خاس ئارتۇقچىلىقىغا دىققەتىنى قارىتىدۇ. ئىنسان ئەقلىنى كېرەكسىز قىلىپ قويسا، ئىنسانلىق ماقامىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

قۇرئانىنىڭ ئەقىلنى ئىشلىتىشكە چاقىرغانلىقى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئېچىۋېتىدۇ، تەپەككۇرىنى قوزغىتىدۇ، بىلىم-مەرىپەتلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئېلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئىنسان تەپەككۇر قىلسا تەرەققى قىلىدۇ، ئەقلىنى كېرەكسىز قىلىپ قويسا مەرىپەت چېكىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئىمان بىلەن تەپەككۇر، ئىمان بىلەن مەرىپەت ئارىسىدىكى رىشتىنى چىڭىتىدۇ.

قۇرئاننىڭ-كائىنات ۋە ھاياتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە ئويلىنىشقا يۇزلەندۇرۇش ئارقىلىق-ئەقىلنى ئىشلىتىشكە چاقىرغانلىقى مۇستەھكەم ئىلمىي مېتودتىن ئىبارەت.بۇ مېتود ھەقىقەتكە يەتكۈزىدىغان ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.بۇ ئىلمىي مېتود مەرىپەتكە يېتىش يولىدا گۇمان ۋە تەخمىنەن قاراشقا تايىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

قۇرئان خىتاب قىلىۋاتقان ئەقىل ۋىجدانى ساقلايدىغان، ھەقىقەتلەرنى ھېس قىلالايدىغان، ئىشلارنى پەرقلەندۈرۈپ قارىيالايدىغان، زىددىيەتلەرنى سېلىشتۇرالايدىغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ۋە ئانالىز قىلالايدىغان ئەقىلدۇر. بۇ ئەقىل قاتماللىق، تەرسالىق ۋە ئازغۇنلۇققا قارشى تۇرىدىغان ئەقىلدۇر. قۇرئاننىڭ ئەقىلگە خىتاب قىلغانلىقى تەپەككۇر قىلىش مېتودىنى توغرىلاپ بەرگەنلىكىدۇر.

ئىسلام دىنى چېركاۋغا ئوخشاش مۇقەددەس كىتاب (قۇرئان كەرىم)نى چۈشىنىشنى يالغۇز دىنىي ئالىملارنىڭ ھەققى دەپ قاراپ، باشقا ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ تەپەككۇر يۈرگۈزۈشى ۋە چۈشىنىشىنى چەكلىمىدى. ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى ۋە بىلىم مەرىپەتلىك كىشىلەر قۇرئان كەرىمگە نەزەر تاشلىسا ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بارسا، ئىسلام قارشى ئالىدۇ.

(2)

## ئەقلى نەزەر يۈرگۈزۈش مەيدانلىرى

بۇ يەردە شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئويلىنىش چەكلىنىدۇ، چۈنكى ئىنسانىنىڭ ئەقلى چەكلىك بولۇپ ئاللاھنىڭ ماھىيىتىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى توغرىسىدا ئويلىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. كائىناتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىنسان ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن نېمەتلىرى، ئىنسان ئاللاھنىڭ قۇدرەت تەسىرى بولغان كائىنات ۋە ھايات مەسىلىسىدە تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇلغان. تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىلغان مەيدان تۆت تۈرلۈك:

1. ئاللاھنىڭ چەكسىز كامالى قۇدرىتى بىلەن تونۇش ئۈچۈن كائىناتتىكى مۆجىزىلىرىدە ئىزدىنىش،

2. كائىناتنىڭ سىرلىرىنى بىلىش ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈشتە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كائىنات كىتابى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش،

3. قۇرئــان كەريــم ئىســلامنىڭ قانۇنشۇناســلىق ھېكمەت سىرلىرىنى بىلىش ۋە يېڭى ۋەقەلىكلەرگە ھۆكۈم يەكۈنلەش ئۇچۇن ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا يۈزلەندۈرىدۇ.

4. قۇرئــان كەريــم ئىنســانىيەت ھاياتــدا يــۈز بېرىدىغان قانۇنىيەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدۇ. ھايــات قــانۇنىيەتلىرى ئۆزگىرىــپ قالمايــدۇ، ئەقىــل ئىگىلىــرى مەنپەئەتــى بىــلەن ماسلىشــىدىغان ياخشــى جەمئىيەتلەرنــى شــەكىللەندۈرۈش ئۇچــۇن بــۇ قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىش لازىم. شۇڭا قۇرئان كەرىم زېمىنــدىكى ئالالاھنىــڭ قــانۇنىيەتلىرى ۋە تــارىختىكى مىللەتلەرنىــڭ ئەھۋاللىرىغــا قــاراپ چىقىشــلار دەپ بۇيرۇغان. جەمئىيەتلەردىكى مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش ۋە يوقۇلۇش ئامىللىرىنى تەتقىق قىلىشقا، ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىــڭ تەجرىبىســىدىن ئىبــرەت ئــېلىش ۋە خاتــالىقلاردىن ساقلىنىشــقا، شــۇنداقلا ئالالاھنىــڭ كائىنــــاتتىكى قــــانۇنىيەتلىرى بىــــلەن زىددىيەتلەشمەسلىككە چاقىرغان.

دېــمەك، قۇرئــان ئەقىلنىــڭ ئــورنى، قىممىتــى ۋە ئەھمىيىتىنــى چېكىــدىن ئاشــۇرۇۋەتمەي يــاكى پەرۋاســىزلىق قىلمــاي قوغــدىغان. قۇرئــان كەرىــم

ۋەھىيىنى ئازغۇن ئىزاھاتلاردىن قوغداش، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى مەقسەتلىرىدىن بۇرۇۋېتىشتىن ھىمايە قىلىش ۋە جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىدىغان تۇرلۇك ئاپەتلەردىن قوغداش خىزمىتىنى، شۇنداقلا ئىلمىي تەرەققىيات، تەجرىبە تەتقىقاتلىرى ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئەقىلگە تاپشۇرغان.

بىراق ئەقىلنىڭ ئىلاھىي ۋەھيىدىن چەتنەپ كېتىشگە رۇخسەت قىلمايدۇ. چەتنەپ كەتسىلا ياخشىلىقتىن يىراقلىشىدۇ ۋە چىرىكلىككە يول ئېچىپ بېرىدۇ. ئەقىل ئىلاھىي ۋەھيى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلسا، ھەرىكەت دائىرىسى تارىيىپ قالمايدۇ، مەۋجۇدىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ھەرىكەت قىلالايدۇ. ۋەھيى ئەقىلنى پەقەت توغرا يۆنىلىشتىن بۇرۇلۇپ كېتىشتىن، خاتا چۈشەنچىدىن ۋە ھەۋەسنىڭ تارتىپ كېتىشىدىن توسىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاياتقا گۈزەللىك قوشىدىغان تۈرلۈك مەيدانلاردا ھەرىكەتلىنىشكە ئىتتىرىدۇ.

(3)

## ئەقىل بىلەن نەقىل ئارىسىدا زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش لازىم

ئەقىل بىلەن نەقىل ئارىسىدا زىددىيەتنىڭ يۈز بېرىشى قۇرئان خىتابىدىن تەسىرلەنگەن ئىسلام ئەقلىدىن پەيدا بولمىغان. بىراق ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ گرېك پەلسەپىسىدىكى گرېك ئەقلىدىن تەسىرلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. شۇڭا دەسلەپكى دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىل توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئەقىلنى توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ بېرىشكە ياردەم بېرىدىغان تۇغما قابىلىيەت دەپ قارىغان. ئەقىدەشۇناس ئالىملار ئەقىل مەرىپەتنىڭ يول باشچىسى سۈپىتىدە ۋەھيىگە تايىنىشى زۆرۈر دەپ تەكىتلىگەن. مېتافىزىكا خاراكتېرلىك مەسىلىلەردە ئەقىل ۋەھيىگە تايانماي مۇستەقىل ھالدا توغرا قارار ئالالمايدۇ.

ھەر قانداق ئەھۋالدا «ۋەھيي بىلەن ئەقىل» ئىدىيە، مەرىپەت، ئەمەل قىلىش ۋە ئىنتىزامغا سېلىش مەنبەسى سۈپىتىدە ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ بىر-

بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. زىددىيەتلىشىپ قالغان مەسىلە ۋەھىينى ئىزاھلاشتا ۋە ئەقلى نەتىجىلەرگە يېتىش مېتودىمىزدا كۆپ تەپەككۇر قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە نەزەر يۈرگۈزۈش ئاساسىدا ھەل بولىدۇ، ھەقىقەت ئايدىڭلىشىدۇ، زىتلىشىش خىيالى يوقىلىپ ۋە ئىنسان ھاياتىنى يۈزلەندۈرۈۋاتقان شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى، نىشان قىلىۋاتقان ئىنسانىي مەنپەئەت تەقەززالىرى روشەنلىشىدۇ.

ئەقىل بىلەن نەقىلنىڭ زىددىيەتلىك كۆرۈنۈشلىرى تۆۋەندىكىچە:

1.ۋەھىيگە زىت كەلگەن ئەقلى مەسىلە كەسكىن بولمىسا، زىددىيەت يۈز بېرىدۇ.

2.ساغلام ئەقلى يەكۈنگە زىت دەپ قارىلىۋاتقان نەقىل (ھەدىس) سەھىھ ھەدىس بولمىسا، زىددىيەت يۈز بېرىدۇ.
3.نەقىلنى چۈشىنىشتىكى خاتالىق سەۋەبىدىن زىددىيەت يۈز بېرىدۇ.
4. ئەقىل كەسكىن ھالەتتە مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدىغان مەسىلە بىلەن ئەقىل ھېس قىلالمايدىغان

مەسىلىلەرنى پەرقلەندۈرمەسلىكتىن يۈز بېرىدۇ. بۇ نۇقتىدىكى جانلىق مەسىلىلەر:

(1).ۋەھيىنىڭ ھەقىقەتلىرى ئەقىلنىڭ ھەقىقەتلىرى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالمايدۇ، چۈنكى ھەر ئىككىسىنىڭ مەنبەسى ئاللاھ.

(2).كەسكىن ئۇقۇمغا ئىگە ۋەھيي كۆچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە ئەقلى ھۆكۈمنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، كەسكىن ھەقىقەت دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن نەزەرىيەنىڭ ۋەھيىنىڭ كەسكىن ئۇقۇمىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس.

(3). كۆچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە ۋەھيي ئۇقۇمى ئەقىلنىڭ كەسكىن ئۇقۇمى ئاساسىدا ئىزاھلىنىدۇ. چۈنكى كۆچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە ۋەھيي ئۇقۇمى بىر قانچە خىل ئىزاھلاشنى قوبۇل قىلىدۇ، شۇڭا ئىلمىي ھەقىقەت قوللىغان ئىزاھات ئالدىغا سۈرۈلىدۇ.

(4). ئەگەر ۋەھيي ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت ھەر بىرسىنىڭ ئۇقۇمى كۆچلۈك ئېھتىماللىققا ئىگە بولسا، بىرسىنىڭ يەنە بىرسىدىن كەسكىن ئىكەنلىكى ئېنىقلانغانغا قەدەر بىرىنى يەنە بىرىدىن كۆچلەندۈرمەي توختاپ تۇرىمىز. قايسىنىڭ كەسكىنلىكى ئىسپاتلانسا، شۇنى ئالدىغا سۈرىمىز.

ئەگەر ئىسپاتلانمىسا، سىرتقى كۈچلەندۈرۈش ئامىللىرىنى ئىزدەش لازىم بولىدۇ.

پەخرۇر رازى:ئەقىل بىلەن نەقىل زىتلىشىپ قالغاندا ئەقىلنى نەقىلنىڭ ئالدىغا قويغان. ئىمام ئىبنى تەيمىيە ئەقىل بىلەن نەقىل زىددىيەتلىشىپ قالغاندا نەقىلنى ئەقىلنىڭ ئالدىغا قويغان.

مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئىككى خىل مېتود ئىنسانىيەت ھاياتىنى يۈزلەندۈرۈشتە ۋەھيى بىلەن ئەقىلنىڭ ئەھمىيىتىنى شەكلەندۈرۈش بىلەن ئالاقىسى يوق. ھەر ئىككى ئېقىم مەيلى ۋەھيىگە تەۋە بولسۇن ياكى ئەقىلگە تەۋە بولسۇن كەسكىن ھۆكۈمگە ئەگىشىشنىڭ زۆرۈرلىكىدە ئىتتىپاق، ۋە كەسكىن ۋەھيى بىلەن كەسكىن ئەقلى يەكۈننىڭ زىددىيەتلىشىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىدە بىردەك قاراشتا.

مەسىلەن، ئىمام رازى ۋەھيىنىڭ مەرىپەت مەنبەسى ئىكەنلىكىدە شەك قىلمايدۇ، بەلكى مەۋجۇدىيەتنى بىر پۈتۈن تەسەۋۋۇر قىلىشتا قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆججىتى ئاساسىدا قەدەم باسىدۇ. بىراق ئۇ ئايەتنى زاھىرىي مەنىسىگە ئاپىرىش مۇمكىن

بولمىغاندا ئايەتنى زاھىرى ئۇقۇمىدىن باشقىچە ئىزاھلاشقا چاقىرىدۇ.

ئىمام ئىبنى تەيمىيە نەقىلنىڭ راستچىللىق باياندا ئەقىلنىڭ پرىنسىپلىرىنىڭ ئەھمىيىتىدە شەك قىلمايدۇ. بىراق ئۇ ئەقىلگە نىسبەت بېرىلگەن قاراشنىڭ ھەممىسى رەت قىلىشنى قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە كەسكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ.

راغىب ئىسپاھانى مۇنداق دېگەنىكەن:«شۇنى بىلگىنكى، ئەقىل شەرىئەت بولمىسا ھىدايەت تاپالمايدۇ، شەرىئەت ئەقىل بولمىسا نامايەن بولمايدۇ، ئەقىل ئاساس، شەرىئەت بىناغا ئوخشايدۇ. بىنا بولمىسا ئاساسى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئاساسى بولمىسا بىنا مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ. ئەقىل كۆزگە ئوخشىسا، شەرىئەت نۇرغا ئوخشايدۇ. سىرتتىن نۇر بولمىسا، كۆز ئەسقاتمايدۇ، كۆز بولمىسا نۇرمۇ ئەسقاتمايدۇ.شۇڭا شەرىئەت سىرتتىن ئەقىلدۇر، ئەقىل ئىچىدىن شەرىئەتتۇر، ئۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن زىددىيەتلەشمەيدۇ، بەلكى بىر-بىرىنى تولۇقلايدۇ».

ۋەھيي بىلەن ئەقىل ئارىسىدىكى بىر-بىرىنى تولۇقلاش مۇسۇلمانىنىڭ ئېڭىدا ئاددى چۈشىنىشلىك

مەسىلە. چۈنكى ئەقىل ئىنساننىڭ زېمىندىكى گۈللەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ھېس قىلىشى ۋە بۇ ئامانەتنى ئورۇنلاشقا ياردەم بېرىدىغان ماددى سەۋەبلەر بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ئاتا قىلغان سوۋغات. ۋەھىيدىن مەقسەت ئىنساننى ھىدايەت قىلىش، چۈشەنچە ئىقتىدارىنى تولۇقلاش، توغرا ھايات غايىسىنى بەلگىلەش، ھاياتتىكى مەسئۇلىيەتلىرىنى بېكىتىش، يۆنىلىشىنى توغرىلاش، ھايات ۋە كائىنات ئالاقىسىدىن سىرت ئاخىرەت ھاياتى بىلەن توغرا مۇئامىلىدە بولۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

# قۇرئان بىلىم-مەرىپەتنىڭ ئاچقۇچى

ئاللاھ رەسۇلۇللاھنى بىرىنچى قېتىم چۈشكەن ئايەتتە ئىككى خىل ئوقۇشقا بۇيرۇغان. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى تەكىتلەشكە مۇھتاج ئەمەسلىكى ئېنىق بىر مەسىلە، شۇنىڭ ئۈچۈن بەش ئايەتتە ئىككى قېتىم تەكرارلانغان «ئوقۇش» توغرىسىدىكى بۇيرۇق ئىككى خىل ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ، ھەر بىر ئوقۇشنىڭ خۇسۇسىيىتى، مەيدانى ۋە مېتودى بار.

بىرىنچى ئايەتتىكى ئوقۇش ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇشقا بۇيرۇغان. دېمەك، ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنى ئاللاھدىن ياردەم تىلىگەن ئاساستا ھاسىل قىلىشقا بۇيرۇق. ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە بارلىق باسقۇچلىرىدا ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئىشارەت. دېمەك، يارىتىلىش ھەققىدە ئوقۇش مېتودى ئىنساندىن باشلىنىپ، كائىنات يۆنىلىشىگە قاراپ يۈزلىنىدۇ. مانا بۇ ئىلمىي مېتودغا ئۇيغۇن ساغلام ئوقۇشتىن ئىبارەت.

## بىرىنچى ئوقۇش:

بىرىنچى ئايەتتىكى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن «ئوقۇش»قا بۇيرۇش قۇرئان ئوقۇشقا بۇيرۇق. چۈنكى قۇرئان كائىناتقا يېتەكلەپ بارىدۇ ۋە كائىناتتىكى ھىدايەت رولىنى يۈرگۈزىدۇ.

## ئىككىنچى ئوقۇش:

كائىناتنى ئوقۇش، مەخلۇقلارغا نەزەر يۈرگۈزۈش ۋە ئىنسانىيەت قەلەم ئارقىلىق توپلىغان تەجرىبىلەرنى ئوقۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىككى خىل ئوقۇش ئارقىلىق ۋەھىي بىلەن پايدىلانغان مىللەتلەر بىلەن ۋەھيىنى بىلمەسكە سالغان ۋە كائىناتنى ۋەھىي نۇرىدىن يىراق ئوقۇغان، ياكى كائىنات ۋە تارىختىكى ئىنسانىيەت تەجرىبىلىرىگە سەل قاراپ رەسۇلۇللاھقا چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىنى ئوقۇش بىلەن چەكلىنىپ قالغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ھېس قىلالايسىز. قايسى بىر ئادەم قۇرئاندىن ئىبارەت ۋەھيىنى ئىنچىكە ۋە تەپەككۇر ئىچىدە ئوقۇشنى ئىرادە قىلىدىكەن كائىناتنى ئوقۇشتىن، ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ تەجرىبىلىرىگە نەزەر يۈرگۈزۈشتىن ۋە بۇرۇنقى ھەزارەتلەرنىڭ قانداق گۈللىنىپ، قانداق ۋەيران بولغانلىقىنى بىلىشتىن بىھاجەت بولالمايدۇ.

(1)

## ئىككى كىتابنى ئوقۇش

ئۇنداقتا ساۋاتسىزلىقنىڭ بارلىق كۆرۈنۈشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قۇرئاندىن ئىبارەت مۆجىزە خاراكتېرلىك تىلاۋەت قىلىنىدىغان كىتاب بىلەن كائىنات، يارىتىلىش ۋە ئىنسانىيەت تەجرىبىسىدىن ئىبارەت ئوچۇق كىتابنى تەڭ ئوقۇش لازىم.

ئىنسان ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى، زېمىننى گۈللەندۈرۈشى ۋە ئېمتىھان سىناقلىرىدىن نەتىجە قازىنىشتا يېتەرلىك مەرىپەتنىڭ تېپىلىشى ئۈچۈن ئىككى كىتابنى تەڭ ئوقۇشى كېرەك. يېتەرلىك مەرىپەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن باشقىلاردىن پايدىلىنىشى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشى ۋە مەرىپەت مەسىلىسىدە كىمدىن چىقىشتىن قەتئىينەزەر زاھىدلىق قىلماسلىقى كېرەك.

كېيىنكىلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىشى ۋە ئاللاھ مەرىپەتنىڭ ۋاستىسى قىلىپ بەرگەن قەلەمنى ئىستىمال قىلىشى زۆرۈر. باشقا

ئىنسانلاردىكى تەجرىبە ۋە مەرىپەت«ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى»دېگەن ئايەتنىڭ دائىرىسىگە كېرىپ كېتىدۇ.

دېمەك، ئىنساننى ھەزارەت مەرىپەتلىرىگە ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا يەتكۈزىدىغان مەرىپەت مەنبەلىرى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئىككى مەنبەدۇر. ئىنسان بۇ ئىككى مەنبەنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشى، بىرەرسىدىن غاپىل قالماسلىقى، ئىككى خىل ئوقۇش بۇيرۇقىنى تەڭ ئورۇنلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا قۇرئاننى ئوقۇش ئارقىلىق يارىتىلىش، مەۋجۇدىيەت ۋە مەۋجۇدىيەت ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىدۇ. كائىناتنى ئوقۇش ئارقىلىق كائىناتنى چۈشىنىدۇ، زېمىننى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قۇرئاننىڭ يوليورۇقى بويىچە مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا توغرا يول تاپىدۇ.

قۇرئاندىن ئىبارەت ۋەھيىنى ئوقۇش يارىتىلىشتىكى غايىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئىنسانىيەت مۇھتاج بولىدىغان قانۇن، يول ۋە ئاساسلىق ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت

مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

(2)

## ئىككى كىتابنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇش پەرز

دېمەك، قۇرئان ۋە كائىناتنى ئوقۇش ئاللاھ بۇيرۇغان پەرز، بۇ ئىككى ئوقۇشنى بىرلەشتۈرۈش زۆرۈر، بولمىسا ئەيىب نۇقسان يۈز بېرىدۇ.

**بىرىنچى ئوقۇشقا سەل قاراش:**

قايسى بىر ئادەم قۇرئان كەرىمدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كائىنات بىلىملىرىنى تەمسىل قىلىدىغان ئىككىنچى تۈردىكى ئوقۇشقا ئاللاھدىن ئالاقىنى ئۈزۈپ كىرىپ كەتسە، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى يوقىتىپ قويىدۇ، مېتافىزىكا مەسىلىلىرىنى بىلەلمەي قالىدۇ. ياراتقۇچى بىلەن مېتافىزىكا (غەيبى مەسىلىلەر)نى بىلمەسكە سېلىپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنى مۇتلەق بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغان مەنبەسى كەمتۈك قارىغۇ پەلسەپە بىلەن قەدەم باسقان بولىدۇ.

ئىنسان ياراتقۇچىدىن غاپىل قېلىپ، ۋەھىي ھىدايىتى بىلەن ئىلاھىي قۇدرەتنى كۆرەلمىسە، توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان كومپاسنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئۆزىنىڭ كائىنات ئامانەت قويۇلغان مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتىكى رولىنى يوقىتىدۇ. ئىماندىن چەتنىگەن ئىلىم-پەن مۇستەبىتلىك ۋە ھەددىدىن ئېشىشقا ئېلىپ بارىدۇ، تەكەببۇرلۇق نامايەن بولىدۇ، ئەخلاقسىزلىق ئەۋج ئالىدۇ، جىنايەتلەر كۆپىيىپ، تۇرمۇش خاتىرجەمسىزلىككە قاراپ يول ئالىدۇ.

## ئىككىنچى خىل ئوقۇشقا سەل قاراش:

مەۋجۇدىيەت ۋە كائىناتنى ئوقۇشقا سەل قاراپ، مەۋجۇدىيەتنى تاشلاپ قويۇپ يالغۇز ۋەھىينى ئوقۇشقا قىسقارتىش دۇنيادىن نەپرەتلىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ، ئىنساننىڭ گۈللىنىش ۋە ھەزارەت ئېنېرگىيىسىنى پالەچ قىلىپ قويىدۇ، ئامانەت ۋە گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتىن كېرەكسىز قىلىپ قويىدۇ، كائىناتتىن بەھرىمەن بولۇشقا توسالغۇ بولىدۇ، ئىدىيىسىنى بوغۇپ، ئىش ھەرىكىتىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەشتۈرۈپ قويىدۇ. شۇ چاغدا ئىنسان ھاياتلىقتا گۈللىنىش ۋە زامانىۋىلىشىشنىڭ مەنىسى بار دەپ

قارىمايدۇ، ھالبۇكى بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ مېتودىغا تامامەن زىت كېلىدۇ.

شۇنداقلا كائىناتقا نەزەر تاشلاشتىكى ئىككىنچى ئوقۇشقا سەل قاراش ھەزارەت ئاجىزلىق ھالىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئىنسانىنىڭ ئېنېرگىيىسىنى كېرەكسىز قىلىپ قويىدۇ ۋە بۇ كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتقان ئالەم بىلەن مېتافىزىكا ئالەم ئارىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

دېمەك، ۋەھيىنى ئوقۇش بىلەن مەۋجۇدىيەتنى ئوقۇش ئارىلىقىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە شۇ ئاساستا ئىنسان ئەقلىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم.

(3)

## ئوقۇش پەرز

نېمە ئوقۇساڭ ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئىمان ئاساسىدا ئوقۇغىن، ياراتقۇچىنى ئېتىراپ قىلغان ئاساستا ئوقۇغىن.

دىن ياكى دۇنيالىق پايدىلىق ئىلىم-پەنلەرنى ئوقۇغىن، مىللەت مۇھتاج بولىدىغان بىلىم-مەرىپەتنى

ئوقۇغىن، مىللەت مۇھتاج بولىۋاتقان بىلىم-مەرىپەتلەرنىڭ بەزىسى پەرز ئەينى بولسا، يەنە بەزىسى پەرز كۇپايە. بىلىم-مەرىپەت ئېلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرز.

دەسلەپتە چۈشكەن «ئوقۇ»دېگەن ئايەت ئىككى دۇنيانىڭ بەخت سائادىتىنى دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتمە شەكلىدە كەلگەن. شەرىئەت پەنلىرىنى ئۆگىنىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولى بولسا، تەبىئىي پەنلەرنى ئۆگىنىش تەرەققىيات، ھەزارەت ۋە گۈللىنىشنىڭ يولى. تەرەققىي قىلماي تۇرۇپ دۇنيادا بەختلىك بولغىلى بولمايدۇ. دەسلەپتە چۈشكەن ئايەت ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە تۈرلۈك مەرىپەت بۇلاقلىرىدىن ئوزۇقلىنىشقا بۇيرۇش ئۈچۈن چۈشكەن.

دەسلەپكى ئىسلام دەۋرىدە مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسىگە بويسۇنۇپ، نۇرغۇن ئىلىم-پەنلەردە ئۇتۇق قازانغان، شۇ دەۋردىكى باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان ۋە كىشىلەرگە قانات يايدۇرغان.

مانا قۇرئانغا قارىساق دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىمۇ بىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىق قىلىپ يېزائىگىلىك، سانائەت، قۇرۇلۇش مېمارچىلىقى، تېخنىكا ۋە باشقا ساھەلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە توختالغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق مۇسۇلمانلارنىڭ بۇگۈنكىدەك ئارقىدا قېلىشى ھەيرانلىقنى قوزغايدۇ.

رەسۇلۇللاھ:«ئاللاھ بىر كىشىلىنى چۈشۈرسە ئۇنىڭ دورىسىنىمۇ چۈشۈرگەن، ئۇنى بىلگەنلەر بىلدى، بىلمىگەنلەر بىلمىدى»(ئەھمەد رىۋايىتى) دەپ دوختۇرلۇق ۋە دورىگەرلىكنى بىلىم-مەرىپەت، ئۇنى بىلمەسلىكنى نادانلىق دەپ ئاتىغان. ھەر تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ دورىسىنى كەشىپ قىلىپ چىقىش، ئىزدىنىش، ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان. دېمەك، ئۆلۈم ۋە قېرىلىقتىن باشقا ھەر قانداق كېسەلنىڭ چارىسى ۋە دورىسى بار، ئۇنى ئىزدەنسە تاپقىلى ۋە كەشىپ قىلغىلى بولىدۇ.

گەرچە ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا مەرىپەت ۋە تەلىم-تەربىيەگە ئاتلىنىدىغان ئاساس بەلگىلەپ بەرگەن بولسىمۇ، قۇرئاننىڭ يوليورۇقى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ كۆرسەتمىسىدىن ئۇزۇلۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن،

شۇنداقلا بەزى ئىشلارغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ، يەنە بەزى ئىشلارغا سەل قارىغانلىق سەۋەبتىن مەدەنىيەت كارۋىنىنىڭ ئارقىدا قالدۇق. بىر مەيداندا ئىسراپچىلىق بولىدىكەن، چوقۇم ھەقتىن بىرسى غايىب بولۇپ كېتىدۇ.

بىلىم-مەرىپەتسىز ئىبادەت قىلىش ئازغۇنلۇق، بىلىم-مەرىپەتسىز دەۋەت قىلىش نادانلىققا دەۋەت قىلغانلىق، بىلىم-مەرىپەتسىز كۈرەش قىلغانلىق ئادالەتنى تۈگەشتۈرگەنلىك. دېمەك، يوللۇق ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىلىم-مەرىپەت ۋە ئەقىل كۆزى بىلەن يورۇمىسا، نەتىجە بېرەلمەيدۇ.

مەزكۇر ئايەت دىن بىلەن ئىلىم-پەن ئارىسىدا باغلىنىشنىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئىلىم-پەن دىندىن ئايرىلسا، خىمىيىلىك ۋە مىكروبلۇق قورال، ئىنساندىكى كېلون تېخنىكىسى، ئىنسان ۋە ھايۋاننىڭ گېنىنى ئۆزگەرتىشكە ئوخشاش كرىزىس ھەققىدە سىگنال بېرىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، بىلىم-مەرىپەتنى ئاللاھنىڭ ئىسمىغا باغلاش مەرىپەتنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئىنسانغا بېرىلگەن نېمەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش،

ئىنسانىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئىنسانغا خىزمەت قىلىشنى غايە قىلىشتىن ئىبارەت ئىلىم-پەننىڭ ئەخلاق پرىنسىپىغا چاقىرىقتىن ئىبارەت.

«ئىنسان»دىگەن سۆز بەش ئايەتتە ئۈچ قېتىم تەكرارلانغان. بىرىنچىسى: ئىنساننىڭ يارىتىلىشىنىڭ بايانى، ئىككىنچىسى: ئىنساننىڭ تەلىم-تەربىيە ۋە مەرىپەتنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى، ئۈچىنچىسى: بىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق ھەددىدىن ئېشىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش مەقسەت. شۇنداقلا بىلىم-مەرىپەت قىممەت-قاراش ۋە ئەخلاقتىن ئايرىلسا ھەددىدىن ئاشىدىغانلىقىغا ئىشارەت.

مەزكۇر ئايەت بىلىم-مەرىپەتنىڭ ئەڭ چوڭ نېمەت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت. شۇنداقلا بۇ ئايەتلەر تېخنىكا ۋە ئۇچۇر دەۋرىدىمۇ قەلەمنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشارەت قىلغان، چۈنكى قەلەم بولمىغان بولسا، تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ مىراسىنى كۆرەلمىگەن بولاتتۇق. بۈگۈنكى دەۋردە باسمىخانا، كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېتتىن ئىبارەت مەلۇمات ساقلاش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى قەلەم ۋە يېزىش ئۇقۇمىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

ئوقۇشقا بۇيرۇش ۋە قەلەم بىلەن يېزىشقا ئىشارەت قىلغانلىق مۇسۇلمانلارنى ئوقۇش، ئۆگىنىش، مەرىپەت بۇلاقلىرىنى ئېچىشقا، ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇشقا ۋە ئىلىم-پەننىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىلمىي ھاياتىنى باشلاشقا چاقىرىقتىن ئىبارەت. دېمەك، مۇسۇلمانلار بىرىنچى قېتىم چۈشكەن بەش ئايەتتە ئوقۇش، ئۆگىنىش، يېزىش، ئەقىل يۈرگۈزۈش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان.

بۇ ئايەتلەر مەرىپەت نەزەرىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىلىم-مەرىپەتنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن ۋە مەرىپەت ۋاستىلىرىغا ئىشارەت قىلغان:

1.ۋەھيي:مېتافىزىكا ۋە ئىنسانلار بىلەلمەيدىغان مەلۇماتلارنى بىلىشنىڭ يولى. بىلىم-مەرىپەت دائىرىسى كېڭەيگەنچە ئىنسان ئەقلىنىڭ ۋەھيىدىن ئىبارەت يەنە بىر مەنبەگە قارىتا ئېھتىياجى تەكىتلەنمەكتە.

2.ئەقىل: ھايات ۋە كائىناتنى كەشىپ قىلىش، ۋەھيي ۋە شەرىئەتنى چۈشىنىشنىڭ ۋاستىسى.

3. بىز تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇلغان«كائىنات». بۇ كائىنات ئەقىلنىڭ ھەرىكىتى ۋە تەجرىبىسىدىن كېلىپ چىققىدىغان مەرىپەت مەنبەسى.

4. ھېسسى ئەزالار: قەلب ئىنساننىڭ ھېسسى ئەزالىرى قوبۇل قىلغان نەرسىلەرنى چۈشىنىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ.

(4)

## ئىمان ئاساسىدا ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش بىردىن بىر چىقىش يولى

ئوقۇش ھەر بىر ئىنساننى كامالەت ۋە يۇقىرى قازىنىشقا ئېلىپ بارىدىغان يول. ھەر بىر ئۇلۇغ ئادەمنىڭ كەينىدە ئوقۇغان ۋە تەپەككۇر يۈرگۈزگەن نۇرغۇن كىتابلىرى بولىدۇ. زېمىندا نامايەن بولغان ھەزارەتلەرمۇ ئوقۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن. مانا ياپونىيە پۈتۈن ۋەيران بولغاندا مەسئۇللاردىن بىرى كىشىلەرنى توپلاپ، ۋەيران بولغان كېرەكسىز تۆمۈرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ «ئوقۇڭلار» دېگەن بىر ئېغىز سۆزنى قىلغان ئىكەن. ياپونىيە ئوقۇپ ھەزارەت ياراتتى.

گىتلېرنىڭ قوشۇنى قايسى بىر ئەرەب دۆلىتىگە يېقىنلاشقاندا، قوماندانغا مەكتۇپ يوللاپ، روسىيە تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىشلار، ئەرەبلەرنى قويۇپ تۇرۇڭلار، ئۇلارنى ئۇرۇش قىلماي مەغلۇب قىلىش ئاسان، چۈنكى ئۇلار ئوقۇمايدىغان خەلقلەر دېگەن ئىكەن.

ئوقۇش ئىنسانىي يۇقىرى ئاڭ سەۋىيىگە يەتكۈزىدىغان بىردىن بىر ۋاستە، ئوقۇمايدىغان خەلق ھەزارەت يارىتالمايدۇ.

# قۇرئان سىزگە خىتاب قىلماقتا

قۇرئان كەرىم ئىنسانىنى شەھۋەت قۇللۇقىدىن ئازات قىلالايدىغان ئادەتتىن تاشقىرى كۈچى ئارقىلىق كائىنات ۋە تارىختىكى ئەبەدىي جانلىق ھاياتلىق ھەرىكىتى بولغان «ئاللاھنىڭ بىرلىكى»نىڭ ھەقىقىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قۇرئان ئىنساننىڭ يۆلىنىشىنى شەھۋەت پەلىكىدە ئايلىنىدىغان كىچىك بىر مەخلۇقتىن ئىلاھىي پەلەكتە ئايلىنىدىغان چوڭ مەخلۇققا ئۆزگەرتىش كۈچىگە ئىگە. قۇرئان كۆزى بىلەن قارىغان ئىنسان شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرىنىڭ قانچە ئاجىز ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيدۇ.

زۇلۇم ياكى زالىم ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ۋە تىنىچلىق ھاياتىنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، چۈنكى ئوت ئۆچقۇن ۋە تۈتۈندىن باشقىنى ئىشلەپ چىقارمايدۇ. زالىم بۇ ھەقىقەتنى ياخشى بىلىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى زەھەرنى ھەسەل قىلىپ كۆرسىتىدۇ، نەتىجىدە قوربان بولغۇچى خۇددى ئادەم ئەلەيھىسسالام چەكلەنگەن مېۋىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللاپ يېگەندەك ئۆز قولى بىلەن ھەسەل

سىياقىدىكى زەھەرنى تاللاپ يەيدۇ. مانا بۇ تارىختىن بۇيان يۈز بېرىۋاتقان شەيتاننىڭ ئۇسۇلى.

دۇنياۋى تىنىچلىق پەقەت ئىلاھىي نۇرنىڭ نەتىجىسى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، چۈنكى ئىلاھىي نۇر مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنى چاقنىتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ۋىجدانىغا ھەقىقەت، ئادالەت ۋە ئەركىنلىك چۈشەنچىلىرىنى قويىدۇ. پەقەتلا قۇرئان كەرىم ئوت دەرىخىنىڭ مەنبەسىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ مەلئۇن مېۋىسىنى يوقىتالايدۇ.

قۇرئان كاتتا ھۆججەت ۋە راستچىل ئېنىق پاكىت بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنياۋى تىنىچلىقنى پەيدا قىلالايدۇ:«ئۇلارغا قارشى قۇرئان ئارقىلىق كۆرەش قىلغىن» (فۇرقان سۈرىسى، 52-ئايەت). قۇرئان كەرىم ئادەتتىكى سۆز ئەمەس، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىلاھى سۆزدۇر. ئۇ زېمىننىڭ ياكى ئىنسانىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر. قۇرئاننىڭ سۆزلىرى ئاسماندىن ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالىغاندىنمۇ كۈچلۈكرەك غەيبى كۈچ بىلەن نازىل بولغان، چۈنكى بۇ سۆزلەر كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن.

قۇرئاننى ھەقىقى رەۋىشتە ئوقۇيدىغان ئىنسان قۇرئان ئارقىلىق كۆتۈرۈلىدۇ، قۇرئان ئارقىلىق كائىنات بوشلۇقىغا ئۆرلەيدۇ، مانا مۇشۇ يەردە شەكىللىنىدۇ، مۇشۇ يەردىن ئوزۇق ئالىدۇ. قۇرئان بىلەن ئەخلاقلانغان، ۋىجدانىدا قۇرئان كۆرسەتمىلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان ۋە مەۋجۇدىيەت ھەرىكەتلىرىدە قۇرئان ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان ئىنسان ئىلاھىي تەقدىرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانمىدىمۇ؟ ھەقىقى ئىماندىن غەلبىگە ئېرىشكەنگە قەدەر غەلىبە مىدالىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئاللاھنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىر ئەسكەرگە ئۆزگەرمىدىمۇ؟ ئەگەر سىز قۇرئان بىلەن ئەخلاقلىنىپ، قۇرئاننىڭ مەقسەت-مەزمۇنلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان ۋاقتىڭىزدا ئاللاھنىڭ ئەسكىرىگە ئايلىنىسىز. ئىنسان ئاللاھنىڭ دوستىغا ئايلانغاندا ئاللاھنىڭ تارىختىكى تەقدىرىنى ئىجرا قىلىشتىكى ۋاستىسىغا ئايلىنىدۇ. ئاللاھ:«كىم مېنىڭ دوستۇمغا دۈشمەنلىك قىلسا، ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن» دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

ئەگەر مۇسۇلمانلار قۇرئانغا تولۇق ئەمەل قىلىپ قالسا، قۇرئاننىڭ پاكىتلىرى ئالدىدا شەيتاننىڭ پىلانلىرى ۋە تەشۋىقات سېھرلىرى پۈت دەسسەپ

تۇرالمايدۇ. قۇرئان ئەركەرلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچقانداق بىرسى تاقابىل تۇرالمايدۇ:«ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھدىن قورققانلىقتىن باش ئەگكەنلىكىنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتىڭ، بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى تەپەككۇر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز» (ھەشىر، 21- ئايەت). چۈنكى قۇرئان بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ بايانى ۋە خەرىتىسىنى ئېلىپ كەلگەن.

ئى قۇرئان ئەۋلادى! قولىڭىزدىكى قۇرئان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىدىن كۈچلۈك. قۇرئان سۆزلىرى ھەقىقى رەۋىشتە قوبۇل قىلىنسا مۆجىزە پەيدا قىلالايدۇ: «قۇرئان ئارقىلىق كاپىرلارغا قارشى كۆرەش قىلغىن»(فۇرقان سۈرىسى، 52-ئايەت) دېگەن ئايەت ئىدىيە ھۇجۇمى، مەدەنىيەت ھۇجۇمى ۋە تەشۋىقات ئازدۇرۇشلىرىغا قۇرئاننىڭ پرىنسىپلىرى، چۈشەنچىلىرى ۋە ھەقىقەتلىرى بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ.

مەدەنىيەت ھۇجۇمى ۋە تەشۋىقات ئازدۇرۇشلىرى كۈچلۈكلەرنىڭ ئىرادىسىگە سەزمەستىن باش ئىگىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ

سېھرنى ئېچىپ تاشلايدۇ. قۇرئاننىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆلچەملىك قوبۇل قىلالىغان ئىنسان قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقالايدۇ. باشقىلار سېھرىنى كۆرسىتەلىدى، مۇسۇلمانلار قولىمىزدىكى ھۆججەتنى كۆرسىتەلمەيۋاتىمىز!

قۇرئاننىڭ سۆزلىرىنىڭ تولۇق ھەققى بېرىلسە، ھەقىقى ئەركەكلەرنى ياساپ چىقالايدۇ. ئېلاھىي ۋەھيي يەككە ۋە كوللىكتىپ ۋىجدان ياساپ چىقالايدۇ. ئاللاھنىڭ ئالاھىدە مېھمانلىرى دەپ ئاتىلىشقا ئەرزىيدىغان ئەركەكلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

قۇرئاننىڭ سۆزلىرى ھازىرقى دەۋرنىڭ رىقابەتلىرىگە قارشى تۇرۇشتىكى بىردىن بىر قورالدۇر، قۇرئان كەرىم غەيبى كۈچى ئارقىلىق بۈگۈنمۇ پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئېلاھى سۆز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ جەڭ ئېلان قىلماقتا. قۇرئان سۆزلىرى قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان، تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە ئىزدىنىدىغان ئىنسان ئۈچۈن خىيالىڭىزغا كەلگەن كۈچ- قۇۋۋەت سەۋەبلىرىنى ياساپ چىقالايدۇ.

قۇرئان كەرىم كائىناتنىڭ سىرى ۋە تەقدىر مۆجىزىسى. كاتتا كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ ھازىر سىزگە خىتاب قىلماقتا:«بىز ئىنسان قەلبى ۋە نەپسىگە جانلىق تەسىرى بار سۆزنى ساڭا چۈشۈرىمىز» (مۇزەممىل،5-ئايەت).قۇرئان تەلىماتلىرى ۋە خەزىنىلىرىگە قەلبىڭىزنى ئاچسىڭىز ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان باشقا بىر ئىنسانغا ئايلىنىسىز.

قۇرئان سۆزلىرى تەجرىبىخانا، ھاياتنىڭ ئوزۇقى، يول، پروگىرام ۋە ئىستراتېگىيىلىك پىلاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەب كاپىرلىرى دەسلەپتە قۇرئان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا چۈچۈپ كېتىپ:«كاپىرلار:«بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرۇۋېتىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار غەلىبە قىلارسىلەرمىكىن» (فۇسسىلەت، 25-ئايەت) دېگەنىدى. بۈگۈنكى دۈشمەنلەر قۇرئانغا قارىتا بۇرۇنقى ئالدامچى تەشۋىقات ئۇسۇللىرى بويىچە مۇئامىلە قىلماقتا

قۇرئان كەرىم سىزگە:كىشىلەرگە خىتاب قىلىۋالاي پۇرسەت بەرگىن دېمەكتە، ياكى: خەلقلەرگە قۇرئاننى ئاڭلاش پۇرسىتىنى بەرگىن دەپ خىتاب قىلماقتا. قۇرئاننىڭ سۆزلىرى ھاياتلىقنى ئۆلۈمدىن

قۇتقۇزۇۋېلىشقا كېپىل، چۈنكى ئۇ بۇ كائىناتتىكى ئەڭ كۈچلۈك ھەقىقەتتۇر، ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

قۇرئان بايرىقىنى كۆتۈرگەن ياشلارغا دېگىنكى، زۇلۇم يوللىرى باش ئىگىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلار قۇرئان بايرىقىنى كۆتۈرىدىغان بولسا زالىملارنىڭ ئاقىۋىتى ئېنىق مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ: «شۈبھىسىزكى، كاپىرلار مال-مۈلۈكلىرىنى (باشقىلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ. كاپىرلار جەھەننەمگىلا ھەيدەپ كىرگۈزۈلىدۇ»(ئال ئىمران، 36-ئايەت).

ئەمدىكى مەسىلە مەن بىلەن سىزنىڭ ئارىڭىزدا قالدى. قۇرئاننى چىڭ تۇتۇپ ماڭدۇقمۇ؟ قۇرئان پرىنسىپلىرى ۋە يولىيورۇقلىرىغا رىئايە قىلدۇقمۇ؟ شەيتان ۋە شەيتاننىڭ ۋاستىلىرىدىن ئۆزىمىزنى ئازات قىلدۇقمۇ؟ قۇرئان چۈشەنچىلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرى بىلەن ئەمەل قىلىشقا سىز بىلەن مەن قەسەم قىلىشتۇقمۇ؟ ياكى ھازىرغىچە باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات ھۇجۇمى ئاستىدا ئىگراپ ياتامدۇق؟

قۇرئان كەرىم تەپەككۇر قىلىدىغان، ئىزدىنىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان سادىق سەمىمىي مۆمىنلەرگە زىياپەت دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىدۇ. مانا بۇ قولىمىزدىكى قۇرئان ئىنسانىي بۇتنىڭ ئۇشكەللىرىدىن ۋە شەيتاننىڭ چۈشەنچىلىرىدىن ئازات قىلىشتىكى مەكتەپتۇر.

ئى مۇسۇلمان! ئاشۇرلار ئاللاھنىڭ سىزگە قىلغان نىداسى، ئاشۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىزگە سوزۇۋاتقان قولى، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، قاچانغىچە قولىڭىزنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سوزمايسىز؟

# ئىككىنچى بۆلۈم

## ئايەتلەرنىڭ مەقسەت ۋە ھىدايىتىنى قانداق چۈشىنىش لازىم؟

## ئۇنى ھاياتقا قانداق تەتبىقلاش كېرەك؟

# پاتىھە سۈرىسى ھەققىدە مۇلاھىزە

قۇرئان كەرىم ياراتقۇچى ئاللاھدىن ئىنسانغا ئەۋەتىلگەن يوليورۇق بولۇپ، ئىنسانغا نەتىجە قازىنىش يولىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ ۋە نەتىجە قازىنىشقا كېپىل بولالايدىغان يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت بېكەتلىرى توغرىسىدا ئىنسانغا خەۋەر بېرىدىغان ۋە ئىككى دۇنيانىڭ ئالاقىسىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان يول خەرىتىسىدۇر. شۇنداقلا ئىنسانغا ھايات سەپىرىدە لازىم بولىدىغان مۇھىم سوئاللارغا جاۋاب بېرىدىغان كىتابتۇر.

پاتىھە سۈرىسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى، كامالەتكە ئىگە گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكى، قىيامەت كۈنى، ئىبادەت ۋە ئىخلاس، ئىبادەتنىڭ كەڭرى ئۇقۇمى، ھاياتنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھدىن ياردەم تەلەپ قىلىش، توغرا يولنى تونۇغاندىن كېيىن توغرا يولدىن ئايرىلماسلىق، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ياخشىلارنىڭ

يولى ۋە مەدەنىيەتلىرى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ قارىشى تۇرغانلار ۋە ھىدايەتنى تاپالماي ئېزىپ كەتكەن ئازغۇن ئېقىملار توغرىسىدا توختالغان.

پاتىھە سۈرىسى قۇرئاننىڭ كىرىشمىسى، ئۇ يەتتە ئايەت بولۇپ، ھەر كۈنلۈكى ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم ئىبادەت بولغان نامازلاردا تەكرار ئوقۇلىدۇ. پاتىھە سۈرىسىنىڭ بىر قانچە نىشانى ۋە ئاچقۇچى بار، بۇ نىشان ۋە ئاچقۇچلار توغرىسىدا بىر ئاز مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

## 1. بىسمىللاھ ۋە مەۋجۇدىيەت سوئالى:

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن»(1-ئايەت)

قايسى بىر ئىنسانىي جەمئىيەت بولسۇن دىن، تىل ۋە تۈرلۈك ھۈنەر-سەنئەتتىن خالى بولغان ئەمەس. بۇلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئورتاق ئامىللاردۇر. ئىنسان ئۆزى ۋە مەۋجۇدىيەت ھەققىدە ئويلىنىدىغان بىردىن بىر مەخلۇق.ئىنسان ھاياتلىق، ئۆلۈم ۋە ئەتراپىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى بىلگۈسى كېلىدىغان ۋە

هېس قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان مەخلۇقتۇر. ئىنسان پەقەتلا يەپ-ئىچىش بىلەنلا قانائەتلەنمەيدىغان مەخلۇق بولۇپ، يارىتىلىش غايىسى توغرىسىدا ئويلىنىدۇ. ئاتېئىزىمچى بولسىمۇ مەۋجۇت بولۇش سىرىنى بىلگۈسى كېلىدۇ.

پاتىھە سۇرىسىنىڭ بېشىدىكى «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن»دېگەن ئايەت تاسادىپىيلىقنىڭ، خۇراپاتنىڭ، ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سورىغان ياراتقۇچىنىڭ ۋە بىلمەيدىكەنمەن دەيدىغان قاراشلارنىڭ قارمۇ-قارشىسىدۇر.

ئەقىللىق سەزگۈر ئىنسان كائىنات بىلەن ئۇچراشقاندا بۇ مەۋجۇدىيەت نەدىن كەلدى؟ قەيەرگە بارىدۇ؟ يوقىلامدۇ ياكى يېڭىلىنامدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى بىلگۈسى كېلىدۇ. ئۆزى توغرىسىدا: نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىم؟ قەيەرگە كېتىپ بارىمەن؟ مېنىڭ بۇ دۇنيادا يارىتىلىشىمنىڭ مەنىسى بارمۇ ياكى يوقمۇ؟ مەۋجۇدىيەت ئۆزىنى ئۆزى يارىتىۋالدىمۇ ياكى بىر ياراتقۇچى ياراتتىمۇ؟ بۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ دېگەنگە ئوخشاش ئەقىل ئەتراپىدا ئايلىنىپ

يۇرگەن نۇرغۇن سوئاللارنى سورايدۇ. پاتمھە سۇرىسى بۇ سوئاللارغا چوڭقۇر جاۋاب بېرىدۇ.

بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا "بىسمىللا"دېگەن ئايەتتىن تېز ئۆتۈپ كېتىمىز. بىراق بىز بۇ ئايەتنىڭ چوڭقۇرىغا چۆكىدىغان بولساق، ھايات نەزەرىيىسى توغرىسىدا يەنى كائىناتنىڭ چوڭقۇر كۆز-قارىشى ھەققىدە توختىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ ئايەت كائىناتنىڭ باشلىنىشى ھەققىدە ۋە ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە توختالماقتا. بۇ ئايەتنى ئېتىراپ قىلىش ئاللاھنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر. شۇنداقلا بۇ كائىناتنى پەيدا قىلغان مېھرىبان بىر زاتنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر. "بىسمىللا" دېيىش ياراتقۇچى زات بىلەن مەخلۇقلار ئارىسىدا تەبىئىي ئالاقىنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىدۇ.

"بىسمىللا"دېگەن ئايەت پاتمھە سۇرىسىنىڭ بىر ئايىتىدۇر. "بىسمىللا"دېگەن ئايەت قۇرئان كەرىمنىڭ روھى ۋە كائىناتقا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك كۆز قارىشىدۇر. ئۇ ئىسلامنىڭ مەرىپەت نەزەرىيىسىنىڭ كىرىش ئېغىزى. چۈنكى مۇسۇلمان كائىناتنى ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇق ھەقىقىتى ۋە مېھرىبانلىق كۆرۈنۈشى ئىچىدە چۈشىنىدۇ. تەبىئەتتىن كائىناتنىڭ

سىرلىرىنى چۈشەنگەن مۇسۇلمان"ياراتقۇچى ئەيىب-نۇقساندىن پاكتۇر"دەيدۇ. ئاتېئىزىمچىلار بولسا كائىنات سىرلىرىنى كەشىپ قىلسا، تاسادىپىيلىق نېمە دېگەن چوڭ ھە!دەيدۇ. مۇسۇلمانىنىڭ غايىسى ئېنىق، دىنسىزنىڭ غايىسى ئېنىق ئەمەس. مانا بۇ ئىنساننىڭ ئاقىۋىتى، ئەخلاقى ۋە ئىستىلىنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان چوڭ تاللىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئىلگىرى بىلمىگەن نۇرغۇن سىرلارنى بىلىپ يېتىدۇ. كائىنات، ھايات ۋە ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلىنىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭرى ۋە مەخلۇقلىرىغا مېھرىبان ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

"مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن" دېگەن ئايەت ئىسلامنىڭ مەرىپەت نەزەرىيىسىنىڭ كىرىش ئېغىزى ۋە جەۋھىرىدۇر. "ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن" دېيىش تاسادىپىيلىق نەزەرىيىسىگە كەسكىن رەددىيەدىن ئىبارەت. شۇنداقلا ئاللاھ كائىناتنى يارىتىپ قويۇپ كارى بولماي تاشلىۋەتكەن دەپ قارايدىغان نەزىرىيەنىڭمۇ  قارمۇ-قارشىدۇر.

"مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن" دېگەن ئايەت ياراتقۇچىنى كەڭرى رەھىمدىللىكى ۋە بارلىق مەخلۇقلارغا ئۇلىشىپ تۇرىدىغان مېھرىبانلىقىغا باغلىغاندا بىزگە بىلىم، مەرىپەت ۋە ھاياتلىقنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىدۇ، تەبىئەت دۇنياسىغا نەزەر تاشلاش روھىنى ئاتا قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تەبىئەتتىكى يارىتىلىشنىڭ گۈزەللىكى ۋە ياراتقۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلىش توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ مەرىپەتكە ۋاستە بولىدۇ:«ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ» (پاتىر سۈرىسى، 28-ئايەت). بۇ ئايەت يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا كائىنات بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئەخلاق ئاچقۇچىنى بېرىدۇ.

دېمەك، بۇ ئايەت يەر شارىنىڭ ئىسلاھ بولىشى ئۈچۈن ئىنسانىيەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مېھرىبانلىق مەدەنىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاچقۇچتىن ئىبارەت.

## 2. مېھرىبــــالىقنى مەركەز قىلغـــان كائىنـــات چۈشەنچىسى:

«جىمـــى ھەمدۇســانا ئالەملەرنىــڭ پەرۋەردىگــارى ئاللاھقــا خاســتۇر. ئــاللاھ ناھــايىتى شــەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر»(2ـ3ـ) ئايەت.

«جىمـــى ھەمدۇســانا ئالەملەرنىــڭ پەرۋەردىگــارى ئاللاھقــا خاســتۇر.ئاللاھ ناھــايىتى شــەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر»دېگەن ئايەت كائىنات چۈشەنچىسى بولۇپ، بــۇ چۈشــەنچىنىڭ مەركىــزى مېھرىبــانلىقتۇر، ئۇنىــڭ ۋىجدان ۋە ئىستىلغا تەسىرى بار.

"بىســمىللاھ"دېگەن ئــايەت يــاراتقۇچى زات بىــلەن مەخلــۇق ئارىســىدىكى ئــالاقىنى شــەكىللەندۈرىدۇ، بــۇ ئالاقىنىـــــڭ تېمىســــى كەڭـــرى مېھرىبـــانلىق ۋە ئۈزۈلمەيدىغان كۆيۈنۈشتۇر. دىنىمىزنىڭ غايىسى پۈتۈن ئىنســانىيەتكە مېھرىبــانلىق قىلىــش ۋە كۆيۈنۈشــتۇر، پەيغەمبەرىمىــــز مــــۇھەممەد ئەلەيھىســــسالام ۋە مۇســۇلمانلارمۇ ئىنســانىيەت ۋە مەۋجــۇدىيەت ئۇچــۈن شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر.

«ئاللاھ پۈتۈن ئالەم ۋە بارلىق مەخلۇقلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»دېگەن ئايەتتە ئاللاھ ئۆزىنى بىزگە تونۇشتۇرماقتا. ئاللاھ پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى بولۇپ قالماستىن، پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ شۇنداق مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك زاتتۇر.

بىز ئىنسان ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە كۆيۈنىدىغانلىقىنى چۈشەنسەك، دىنىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا چاپلىشىپ قالغان خاتا چۈشەنچىلەردىن تازىلىغان بولىمىز. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئۇ زاتنىڭ ئالەم ئۈچۈن مېھرىبانلىقى تەرەققىي قىلغان ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ ئاچقۇچىدۇر.مېھرىبانلىق بولماي مەدەنىيەت ھاسىل بولمايدۇ. كىمنىڭ مەخلۇقلارغا كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق قىلىش بىلەن ئىچى سىقىلىدىكەن مېھرىبانلىق بىلەن قوغدىلىۋاتقان دۇنيانى يېتەكلەشكە سالاھىيىتى توشمايدۇ. ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا قارىتا مېھرىبانلىق چۈشەنچىسىنى ۋە ماھىيىتىنى ئەزالىرىنىڭ ئېڭى ۋە قىلمىشلىرىدا

ئۆزلەشتۈرەلىگەن ئۈممەت ئىنسانىيەتنى يېتەكلەشكە سالاھىيىتى توشقان بولىدۇ:«(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» (ئەنبىيا سۈرىسى، 107-ئايەت). ئەۋزەللىك قۇرۇق دەۋا بىلەن قولغا كەلمەيدۇ، بەلكى قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش، قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش ۋە قۇرئان كۆرسەتمىسى ئاساسىدىكى ئىستىل بىلەن رېئاللىققا ئاشىدۇ. مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ چۈشەنچىگە قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز، ئىدىيە تەپەككۇر دائىرىمىزگە قاراپ چىقايلى. بۇ چۈشەنچىنى خاتا ئۇقۇملاردىن تازىلايلى.

رەھىمدىللىك ۋە مېھرىبانلىق قىممەت-قاراش بولۇپ، ئاشكارا جانلىق ئىستىل شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ئەمەلىي ھاياتتا پرىنسىپقا ئايلانمىغان قىممەت-قاراشنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، ئىستىلغا ۋە ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەتكە ئايلانمىغان پرىنسىپنىڭمۇ مەنىسى بولمايدۇ.

رەھىمدىللىك ۋە مېھرىبانلىق دىنىنىڭ ئىنسانىي ئىسلاھ قىلىشتىكى رولىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەقىقى ئۆلچەم. چۈنكى ئۇ بۇزغۇنچىلىق، قان تۆكۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە توختىتىشقا بىۋاستە

مۇناسىۋەتلىك. مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئىنساننى يېتىلدۈرۈش مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى. بۈگۈنكى مەدەنىيەت ھەر قايسى ساھەلەردە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، مېھرىبانلىقتا نەمۇنە خاراكتېرلىك ئىنساننى يېتىلدۈرۈشتىن ئاجىز ئورۇندا تۇرماقتا.

## 3. قىيامەت كۈنى ۋە ئىنساننىڭ ئىستىلىنى قائىدىگە سېلىش:

«قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر» (4-ئايەت).

قىيامەت كۈنىنىڭ ئۇقۇمى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پائالىيەتچان بولۇش ئۇقۇمىدىن ئىبارەت. يەنى ئىنسان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى، ئىشلارنى ئۆلچەملىك پۇختا قىلىشى، ئىش-ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇشى ۋە باشقىلار قەيەرگە باشلىسا كېتىۋېرىدىغان قويغا ئوخشاپ قالماستىن ئىش-ھەرىكەتلىرىدە مۇستەقىللىقىنى ھېس قىلىشى قىيامەت كۈنى ئۇقۇمىغا چېتىشلىقتۇر.

قىيامەت كۈنى ئىنسان ھاياتىدىكى سەپەرنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ھېساب-كىتاب

قىلىدىغان كۈن. ئۇ بۇ دۇنيادا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئادالەتكە ئېرىشىدىغان ۋە ھوقۇقىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىنىدىغان كۈندۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلى ياراتقۇچىنىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بىراق باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بەزىدە كەمبەغەللىك، زۇلۇم، نادانلىق، كېسەل ۋە ئۇرۇشلار ئۇنى ھەيرانغا سالىدۇ. مانا مۇشۇ يەردە ھېساب-كىتاب قىلىدىغان قىيامەت كۈنى ئەقىدىسى ئىنسان كۆڭلىدە ئادالەت ئۇقۇمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن مۇھىم شەرتتۇر.

قىيامەت كۈنى ئادالەت ۋە مەسئۇلىيەت ئۇقۇمى ئۈچۈن بەك زۆرۈر. ئىنسانلارنىڭ بۇ ھاياتلىقتىكى پۈتۈن ھەرىكەتلىرى ھېساب ئالىدىغان خاتىرىگە خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھېساب خاتىرىسى ئىنسانغا غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئەۋزەل پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئىنسان ھەر بىر ياخشىلىقنى قىلسا، ئۇنىڭغا ئون ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ، ھەر بىر خاتالىقنى سادىر قىلسا پەقەتلا بىر خاتالىقنىڭ گۇناھى ۋە جىنايىتى خاتىرىلىنىدۇ. خاتالىقلىرى تەۋبە قىلسا ئۆچۈرۈلىدۇ، ياخشى ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن يامان قىلمىشلىرى ئۆچۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى، ئۇ كۈندىكى ھېساب-

كىتاب ئىدىيىسى ئىنسان كۆڭلىدە ئاللاھدىن قورقۇش تۇيغۇسى ۋە ئاللاھ كۆزىتىپ تۇرىدۇ، دېگەن ئاڭنى ھاسىل قىلىدۇ. تولۇق ئىلاھى ئادالەت، ھېسابتىكى ئىلاھى رەھىمدىللىك، ھەر بىر كىشىنىڭ شەخسى مەسئۇلىيەتكە تارتىلىشى ۋە ئۆز-ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇش ئەقىدىسى ئارقىلىق دىنغا قارىتا توغرا چۈشەنچە باشلىنىدۇ.

قىيامەت كۈنى ئۇقۇمى ئەقلىنى ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى قايتىدىن شەكىللەندۈرىدىغان چوڭقۇر ئۇقۇم. قۇرئاندىكى بىرىنچى سۈرە پاتىھە سۈرىسىدە ئاللاھنىڭ مۇتلەق ئادالىتى، ھېساب ئېلىشتىكى رەھىمدىللىكى، ئىنساننىڭ شەخسى مەسئۇلىيىتى، ئىنساننىڭ ئۆزىنى ۋە ئىستىلىنى باشقۇرۇش ئۇقۇملىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىمە نۇقتىنى يىلتىزلاشتۇرىدۇ. بىز ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى: قىيامەت كۈنى ئۇقۇمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى قانچىلىك چۈشەندۇق؟ ئاللاھ بىلەن، كائىنات بىلەن ۋە ئىنسان بىلەن بولغان ئالاقىمىزدە بۇ ئاڭ يوق بولۇپ قالسا ئەخلاقى جەھەتتىن ھاياتىمىز، ئىستىلىمىز ۋە ئالاقىمىزغا قانچىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بۇنى سوراپ كۆرۈشىمىز كېرەك.

## 4. «ساھىلا ئىبادەت قىلىمىز»(5-ئايەت).

«ساھىلا ئىبادەت قىلىمىز»ئىبادەت دېگەن ئايەت گۈزەل ھايات بەربا قىلالايدىغان ۋە يارىتالايدىغان مەقسەتلىك ئىش-ھەرىكەتتۇر.

پاتىھە سۈرىسى يۇقىرىدا مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ياراتقۇچى ئاللاھ ۋە قىيامەت كۈنى ھەققىدە توختالدى. ئەمدى ئۈچىنچى قىلىپ ئىنسان ۋە مەقسەتلىك ئىش-ھەرىكەت ھەققىدە توختالماقتا.

يېقىنقى بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان باشقا مىللەتلەر ئىشلارنى پۇختا قىلىپ سانائەت، يېزا-ئىگىلىك ۋە ئىنتىزام ئىشلىرىدا ئىجادىيەت ياراتماقتا. بىز بولساق باشقىلارغا گاداي بولۇپ تۇرۇپتىمىز. بۇنىڭ ھالقىلىق سەۋەبى مۇسۇلمان ئىنسانىنىڭ قۇرئان كەرىمگە قارىتا ئاڭ قۇرۇلمىسىغا چېتىشلىقتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسىغا قارايدىغان بولساق، ئىنسانىنىڭ زېمىندىكى ۋەزىپىسىنى ئىبادەت، ئىبادەتنىڭ جەۋھىرى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كائىناتنى گۈللەندۈرۈشتۇر. كائىناتنى ئاللاھنى ئەسلەش ۋە ياخشى ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن تولدۇرۇش ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش لازىم، مانا بۇ ئىبادەتنىڭ

مەنىسى. ئىبادەت دېگەن ئاللاھنى ئەسلەش ۋە پۇختا ئىش قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى يۈزلۈك پۈلگا ئوخشايدۇ. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلى قۇرۇلمىسىغا قارىساق، ئىبادەت ئۇقۇمى كائىناتنى گۈللەندۈرۈش ئۇقۇمىدىن ئايرىلىپ قالغان.

ئىسلامدىكى ئىبادەت ئۇقۇمى پەقەتلا ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بۇلار شۇئار خاراكتېرلىك ئىبادەتنىڭ ئاساسلىق بىر قىسمىدۇر. ھايات، يول ۋە ئىستىل شەكىللەندۈرىدىغان نەرسىلەرمۇ ئىبادەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبادەت دېگەن ئومۇمىي ئۇقۇمى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان بارلىق ئاشكارا-يوشۇرۇن سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت:«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى،«مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ۋە ماماتىم(ھەقىقەت يولىدا ئۆلۈپ كېتىشىممۇ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر» (ئەنئام، 162-ئايەت). ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىيۈزلۈك ئىبادەت ئۇقۇمى يوقالغاندا زاۋۇت، يېزا-ئىگىلىك، سانائەت، سودا-سېتىق، ئۇنۋېرسىتېت ۋە تەتقىقات مەركەزلىرى...دىكى پائالىيەت يوقىلىدۇ

ياكى قۇرئان بۇيرۇغان ئومۇمي ئۇقۇمى بىلەن ئىبادەتنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ.

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتقا ئالاقىدار سانائەتلىرىدىن غايىب بولۇشىنىڭ سەۋەبى قۇرئان كەرىمدىكى چوڭ چۈشەنچىلەردىن چەتنەپ كەتكەنلىكتۇر. قۇرئاندىكى بۈيۈك ئۇقۇملارنىڭ بىرى ئىبادەت ئۇقۇمىدۇر. بۇ ئۇقۇمنىڭ ھاياتتىكى دائىرىسىنى خاتا چۈشەنچىلەر تارايتىپ قويغان ھەم قويماقتا. ئىبادەتنى زېمىننى گۈللەندۈرۈش، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق، ناھەقچىلىق ۋە بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارغا قارشى تۇرۇش ئۇقۇمىدىن ئايرىپ تاشلىغان. زېمىننى گۈللەندۈرۈش سانائىتىنى باشقا مىللەتلەرگە تاشلاپ بەرگەن.

خىزمەت ئۇقۇمى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەردە ئىشلارنى پۇختا قىلىش ئىش- ھەرىكەتنىڭ تېمىسىغا ئايلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھايات سانائەتلىرىدە ئۇتۇق قازانغان، بىز بولساق باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارقىدا قالدۇق، نەتىجىدە ئۆزىمىزگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدىغان ياكى دۈشمەنگە زەربە بېرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق. بىز ھاياتلىققا قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە توغرا قاراشتا بولماي ھاياتلىقنى

مەنىسىدىن ۋە ئىنسانىي ئىش-ھەرىكەتلەردىمۇ قۇرۇقداپ قويىدۇق. چۈنكى ئىبادەت ئۇقۇمىنى خاتا چۈشىنىۋالغان مۇسۇلمان سانائەت، يېزا-ئىگىلىك ۋە ئىلمىي كەشپىياتلارنى ئىبادەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئوقۇم ۋە چۈشەنچىلىرى قاتارىدىن كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان. بولمىسا يۇقىرىقى ئىشلار كائىناتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. ئىبادەت ئۇقۇمى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشەنچىسى بىلەن توغرا چۈشىنىلمىسە مۇسۇلمانلار مەدەنىيەت تراگېدىيەسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئىدىيە، ئاڭ ۋە خىتابلىرىمىزدا ئىبادەت ئۇقۇمى ئەسلىگە كەلمەيدىكەن ئىنسان دۇنيا-ئاخىرەتتە ئىرادە ۋە ئۈمىد قىلىۋاتقان تەرەققىيات ۋە خاتىرجەم گۈزەل ھاياتتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

ئىبادەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىش-ھەرىكەتتۇر، ئىبادەتتىن پەقەتلا ئىنسان پايدىلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىبادەتكە ئېھتىياجى يوق. ئىنسان تەپەككۇر قىلالايدىغان مەخلۇق بولۇپ، ماددى سەۋەب-چارىلەر دۇنياسىدا ئىزدىنىدۇ ۋە ئىجرا قىلالايدۇ، شۇڭا زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىنساننىڭ گەدىنىگە چۈشكەن

ۋەزىپىدۇر. مەغلۇپ بولۇشتىن ئەنسىرەپ تۇرغان ئاجىز ئىنسان ياردەمچى ۋە خاتىرجەم قىلغۇچى ئامىللارغا مۇھتاج بولىدۇ. ۋەزىپىسى بىلەن ئىقتىدارى ئارىسىدىكى بوشلۇقنى ئېتىدىغان ئىمانغا مۇھتاج بولىدۇ. ئاللاھ مۆمىنلەرگە مەنىۋى ۋە نەپسى ياردەم شەكىللىرىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە:«سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق(ئاللاھدىن)ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھدىن قورققۇچىلار(يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھغا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر» (بەقەرە سۈرىسى، 45-ئايەت). دېمەك، ياردەم تىلەش مەقسەتلىك ئىبادەتكە چېتىلىدۇ. ئىبادەت ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ھاياتنى ئىسلاھ قىلىش بولسا، ئومۇمىي ئۇقۇمى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا ھاياتنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئىنتىزامغا سالىدۇ. شۇڭا ئىنسانغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە ئېغىر، ئىنسان بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا چوڭ ياردەمگە مۇھتاج. چوڭ ياردەمگە ئېرىشىشتە ئاللاھدىن باشقا كىمدىن ياردەم تىلىگىلى بولسۇن؟!

دېمەك، ئىبادەت دېگەن: مەسچىتنىڭ مېھرابىدا ۋە ھايات كەچۈرۈش مېھرابىدا بولىدۇ. ئىبادەت دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**5."توغرا يول"دېگەن ياخشى-ئىش ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن ئىبارەت:**

«بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس،سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا(باشلىغىن)» (6-7-ئايەتلەر).

توغرا يول دېگەن ياخشى ئىشلارنى قىلىش يولى دېمەكتۇر. توغرا يول ماڭغۇچىلار بىلەن تونۇلىدۇ، توغرا يولدا ماڭغانلارنى تونۇماي تۇرۇپ ئىنسان ساغلام كومپاسقا ئىگە بولالمايدۇ. قۇرئان كەرىم توغرا يولدا ماڭغان ئەر ۋە ئاياللارنىڭ مىسال ۋە كۆرۈنۈشلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. توغرا يولدا ماڭغانلار ئىككى خىل سۈرەت بىلەن كۆرۈنىدۇ.

بىرىنچى:توغرا يولدا ماڭغانلار ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئىبادەتلىرى ئارقىلىق ئاللاھقا باغلانغانلاردۇر.

ئىككىنچى: زېمىننى ماددى جەھەتتىن گۈللەندۈرۈشتە ھەسسە قوشقۇچىلار. بۇ تەرەپ بۇگۈنكى

مۇسۇلمانلاردا كەم بولۇپ، باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا ئىشلەپچىقىرىش ۋە پائالىيەتچانلىقى تۆۋەن ئورۇندا تۇرماقتا.

ھىدايەتنىڭ رىئاللىققا چىقىشى ئۈچۈن ئىككى تۈرلۈك ئىش كېرەك:

بىرىنچىسى: توغرا كۆز قاراشنى بىلىش، يەنى بۇ مەسىلىدە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى نېمىنىمەقسەت قىلىدۇ؟ بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ توغرا كۆز-قاراش قايسى؟ ئىكەنلىكىنى بىلىش،

ئىككىنچىسى: كۈچلۈك ئىمان ئاساسىدا مۇشۇ توغراكۆز-قاراشنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئەمەل قىلىش.

ئىنسان«بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلسىلا» دېگەندە، پەرۋەردىگارىدىن: ئى پەرۋەردىگارىمىز ھايات ئىشلىرىمىزدا بىزگە سىللى رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىپ قويسىلا، ئاندىن كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلسىلا ۋە ياردەم بەرسىلە، دەپ تىلەيدۇ.

### 6. مىسال كەلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى:

قۇرئاندا ئاللاھ بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشقۇچىلاردىن ئۆرنەك:

ئادەم ۋە ھاۋا ئىنسان تۇرىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەسسە قوشقان.

ھابىل قان تۆكۈشتىن ساقلانغان.

نۇھ ئەلەيھىسسالام كىمە ياسىغان.

زۇلقەرنەيىن توسما سالغان.

داۋۇت ئەلەيھىسسالام قورال-ياراق ۋە ھەربى پورمىلارنى ياسىغان.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام سىياسەت تەدبىرلىرىنى يولغا قويغان.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرغان.

مۇسا ئەلەيھىسسالام زالىملارنىڭ زۇلمى ۋە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغان.

قۇرئان كەرىمدە ئىدىيەسى تەڭپۇڭ بولغان ۋە ۋەزىپىلىرى تۇرلۇك بولغان ئەر-ئاياللارنىڭ مىساللىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكەتلىرى خالىس ئىبادەتلەرنى

گۈزەل يوسۇندا قىلىشنى، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشنى ۋە قان تۆكۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەقەززا قىلغان.

دېمەك، ئىمانىنىڭ ئاساسلىرى ۋە پرىنسىپلىرىنى مۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىش ئارقىلىق ئىنسان خەتەرلىك ئىككى ئىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

بىرىنچى:ساغلاملىقنى بىلىپ تۇرۇپ، كىبىرلىك ۋە ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگەشكەنلىك سەۋەبىدىن ھەقىقەتكە تانغان ۋە ئىنكار قىلغانلارنىڭ يولى.

ئىككىنچى: ھەقىقەتنى كۆرگەن، بىراق خاتا چۈشىنىپ قالغانلارنىڭ يولى.

پاتىھە سۈرىسىنى چۈشىنىش يولنى قىسقارتىدۇ، دىننى خاتا چۈشىنىپ قېلىشتىن ۋە ئازغۇنلارغا قوشۇلۇپ كېتىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.

دېمەك، پاتىھە سۈرىسى توغرا چۈشەنچىنىڭ ساغلام قىسقا يولى ۋە ئامانلىق دەرۋازىسىدۇر.

# «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېگەن ئايەت ھەققىدە

توغرا يولغا باشلاش ھىدايىتى ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ھىدايەت. بۇ ھىدايەتنى ئاللاھ مەخلۇقلىرىدىن ھېچ بىرەرسىگە بەرمىگەن.

ھىدايەتنىڭ مەنىسى:مېھرىبانلىق بىلەن يول كۆرسىتىپ قويۇش دېگەن بولىدۇ. ھىدايەت «كۆرسىتىپ قويۇش ھىدايىتى» ۋە «ياردەم بېرىش ھىدايىتى» دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. «كۆرسىتىپ قويۇش ھىدايىتى» بارلىق كىشىلەرگە ئومۇمىي«ياردەم بېرىش ھىدايىتى»مۆمىنلەرگە خاس. ھىدايەت يولىغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋە تەقۋالىقىنى ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ئىتائەت خاراكتېرلىك ئىشلارنى ئۇلارغا سۆيۈملۈك كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىم ھىدايەت كىتابى:«بۇ قۇرئان كەرىم ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ» (ئىسرا سۈرىسى، 9-ئايەت). بىز ھاياتىمىزنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە ۋە ھەر بىر قارارىمىزدا ھىدايەتكە مۇھتاج. ھىدايەت ھاياتنىڭ

مەركىزى. ھىدايەت بارلىق كائىنات ئۈچۈن كائىنات نىزامىدۇر:«پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، (ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلىرىنى) كۆرسەتتى»(تاھا، 50-ئايەت).ئىنساندىن باشقا مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسى ھىدايەت يولىغا باشلانغان. ئىنسان ھىدايەتنى تاللاش ياكى تاللىماسلىقتا ئىختىيارلىقتا ئىگە.

ھىدايەتنىڭ شەرتى ۋە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللىرى بار. شەرتى ئورۇنلىنىپ، ئۈچ تۈرلۈك توسالغۇ يوقالسا ھىدايەت سايىسى ئاستىغا كىرەلەيسىز. ھىدايەت تەرەپكە ئىجابي قەدەم باسسىڭىز ئاللاھ سىزگە توغرا يول ئاتا قىلىدۇ.

ھىدايەتنىڭ شەرتى: ئۇيقۇ ياكى ھورۇنلۇق ئەمەس كۈچ چىقىرىشتۇر. قارار ئېلىشقا مۇھتاج بولىدىغان ھەر قانداق بىر مەسىلىسىدە كۈچ چىقىرىش لازىم. ئاللاھقا يېقىنلىشىشتا ۋە ھاياتىڭىزدا ھىدايەتكە يېتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىڭ، ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرۇڭ، ئىش-ھەرىكەتلىرىڭىزدە پۈتۈن كۈچىڭىزنى سەرپ قىلىڭ: «بىز ئۈچۈن كۈچ چىقارغان ۋە كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە توغرا يولىمىزغا يېتەكلەيمىز»

(ئەنكەبۇت سۈرىسى، 69-ئايەت). ھايات يولى ۋە بارلىق قارارلار ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش ھىدايەتنىڭ شەرتىدۇر.

ھىدايەتكە توسالغۇ بولىدىغان ئۈچ ئامىل:

1.زۇلۇم: زۇلۇم قايسى شەكىلدە كىمگە بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ئىنسانىنىڭ مەنىۋى تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويىدۇ، نەتىجىدە توغرا يولنى كۆرۈشتىن توسالغۇ بولىدۇ:«ئاللاھ زالىم قوۋملەرنى ھىدايەت قىلمايدۇ»(مائىدە سۈرىسى، 51-ئايەت).

2.پاسىقلىق:پاسىقلىق دېگەن شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان رەزىل ئىش- ھەرىكەتلەردۇر.پاسىقلىق ھىدايەتتىن توسۇپ قويىدۇ:«ئاللاھ پاسىق قوۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (سەپ سۈرىسى، 4-ئايەت).

3. كۆپۈرلۈق: كۆپۈرلۈق ھەقىقەتنى كۆرۈش ۋە ئاڭلاشنى رەت قىلىشتۇر. كاپىر بولۇش ئىنساننىڭ ئىختىيارىدىكى بىر ئىش بولۇپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانغا بەلگىلەنگەن مەسىلە ئەمەس. ياراتقۇچى ۋە كائىناتنى ئىدارە قىلغۇچى زاتنىڭ بارلىقىغا دەلىل بولىدىغان كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئەقىلنى ئىستىمال قىلماسلىق ۋە ھەقىقەتنى رەت قىلىش

كۇپۇرلۇقنىڭ سەۋەبىدۇر:«ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» (مائىدە سۈرىسى، 66-ئايەت).

ئەگەر سىزدە بۇ ئۈچ ئامىلنىڭ بىرسى تېپىلىپ قالسا ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىسىز. ھىدايەت دېگەن ھەرىكەتچانلىقتۇر، ھىدايەت تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىشىڭىز كېرەك.

ھىدايەتنىڭ شەرتىنى ئورۇنلاپ، توسالغۇ بولىدىغان ئامىللاردىن ساقلانسىڭىز ئاللاھ ھىدايەت دەرىجىڭىزنى كۆتۈرىدۇ:«ھىدايەت تاپقانلارنى ئاللاھ تېخىمۇ ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇلارغا تەقۋادارلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ» (مۇھەممەد سۈرىسى، 17-ئايەت).

***

«بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن»(سۈرە پاتىھە 6-ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى بىر قانچە مەنىنى كۆرسىتىدۇ:

1. «بىزنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلغىن»، ئىزىپ كېتىپ قالمايلى. چۈنكى ئىنسان بۈگۈن توغرا يولدا ماڭسا، ئەتە ئىزىپ كېتىشى مۇمكىن.

2. «ھىدايىتىمىزنى كۈچلەندۈرگىن». ھىدايەت دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، ھىدايەت تاپقانلارمۇ بىر قانچە دەرىجىلىك بولىدۇ. بەزىسى راستچىل سەمىمى كىشلەر دەرىجىسىگە يېتىدۇ. يەنە بەزىلەر ئىسلامنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدە قالىدۇ. ھەر بىرەيلەن ھىدايەت دەرىجىسىگە قاراپ توغرا يولدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىككى يولى بار. بىرى: دۇنيادىكى يولى، يەنە بىرى:ئاخىرەتتىكى يولى. ئاخىرەتتىكى يولدا خاتىرجەم بولۇش دۇنيادىكى يولدا توغرا مېڭىشقا باغلىق.

دۇنيادىكى يول ئاللاھنىڭ يولى، ئاللاھ بۇيرۇغان نەرسىگە ئىتائەت قىلىش، توسقان نەرسىدىن يېنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

شۇنىڭغا بىنائەن«بىزنى ھىدايەت قىلغىن »دېگەن ئىمانىمىزنى زىيادە قىلىسىلا ۋە بىزگە ھىدايەتنى ئۈگەتسىلە، دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ:«ئىلمىمنى زىيادەقىلسىلا، دېگىن»(تاھا 114-ئايەت )دەپ رەسۇلىغا يولىيۇرۇق بەرگەن. دېمەك، بىلىم مەرىپەت ئىماننىڭ قاتارىدىن. ئىنسان توغرا يولنى قانچە تۇتۇپ ماڭسا، بىلىم مەرىپىتى شۇنچە ئاشىدۇ.

3.«ھىدايىتىمىزنى يېڭىلىغىن». توغرا يولنىڭ مەنىسى:ئىنسان ھەر ۋاقىتتا بۇيرۇلغان ئىشنى بىلىشى ۋە دەل ۋاقتىدا ئەمەل قىلىشى، چەكلەنگەن ئىشنى قىلماسلىقى،دېگەنلىك بولىدۇ. مانا بۇ ھەر ۋاقىتتا بۇيرۇلغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى بىلىش ۋە ئەمەل قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. تەقەززاسىنىڭ نەتىجىسى بۇيرۇلغان ئىشنى خۇرسەنلىك بىلەن قىلىش ۋە چەكلەنگەن ئىشنى كەسكىن يامان كۆرۈش.

دېمەك، ئىنسان بۇ خىل ھىدايەتكە ھەر قانداق ئىشلىرىدا مۇھتاج بولىدۇ. خاتا ئىش قىلىپ سالغان بولسا تەۋبىگە مۇھتاج بولىدۇ، بەزى ئىشلاردا ھىدايەتنىڭ بىر قىسمىغا ئېرىشكەن بولسا، ھىدايەتنى تولۇقلاشقا مۇھتاج. ئېتىقاد قىلمىغان ئىشلىرى بولسا

ھىــــدايەتكە مۇھتـــاج. قىلمىغـــان ئىشـــلىرى بولســـا ھىدايەت ئاساسىدا قىلىشقا مۇھتاج. توغرا ئېتىقاد ۋە توغرا ئەمەل مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇھتاج... ئىنسان بۇ خىل ھىدايەتلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا بىر كۈندە بىر قانچە قېتىم ھىدايەت تەلەپ قىلىشنى پەرز قىلدى.

ھىدايەتنىڭ رېئاللىققا چىقىشى ئۈچۈن ئىككى ئىش كېرەك:

بىرىنچىسى: توغرا كۆز-قاراشنى بىلىش، يەنى بۇ مەسىلىدە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى نېمىنىمەقسەت قىلىدۇ؟ بۇ مەسىلىدىكى ئەڭ توغرا كۆز قاراش قايسى؟ ئىكەنلىكىنى بىلىش.

ئىككىنچىسى: كۈچلۈك ئىمان ئاساسىدا مۇشۇ توغراكۆز قاراشنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئەمەل قىلىش.

ئىنسان«بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلسىلا» دېگەندە، پەرۋەردىگارىدىن: ئي پەرۋەردىگارىمىز ھايات ئىشلىرىمىزدا بىزگە سىلى رازى بولىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىپ قويسىلا، ئاندىن كۈچ قۇۋۋەت ئاتا قىلسىلا ۋە ياردەم بەرسىلە، دەپ تىلەيدۇ.

## توغرا يولدىن بۇرۇلۇشنىڭ سىرى:

بىلىش ۋە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرنى يوقىتىپ قويغانلىق ۋە ئەكسىنى قىلغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ ئىككى ئىشقا ئىككى تۈرلۈك قارمۇ-قارشى ئىش مەۋجۇد.

بىرىنچىسى: نادانلىق. ئىنساندا ياخشى ئىش قىلىش ئارزۇسى بولسىمۇ، ياخشى ئىشنىڭ يولىنى بىلمەي قالىدىغان ئىش مەۋجۇد. نەتىجىدە ياخشىلىققا ئېلىپ بارالمايدىغان يولنى مېڭىپ، ئۆزىنى پايدىسىز جاپادا قويىدۇ. قانچىلىغان مۇسۇلمانلار توغرا بولمىغان ئىشلاردا چارچايدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىلمىسىزلىكى تۈپەيلىدىن خاتا قىلمىشلىرىنى ياخشى ئىش دەپ ئويلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان«بىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلسىلا» دېگەندە، پەرۋەردىگارىدىن توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ۋە ئۆگىتىپ قويۇشنى سورايدۇ، نەتىجىدە ئېزىپ كەتمەيدۇ.

ئىككىنچىسى: ھاۋايى-ھەۋەس. بىلىم مەرىپەت بىلەن نادانلىق كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئىنسان ئالىم بولىشىمۇ مۇمكىن.لېكىن بىلىمگە لايىق ئەمەل قىلىشقا ئىنتىلگۈچى ئىرادە بولمىسا، پەرز ئىشلارنى

تاشلاپ قويىدۇ ياكى ھارام ئىشنىڭ ھۆكمىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ياكى ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكتىن ھارام ئىشنى قەستەن قىلىپ سالىدۇ.

ئايەت كەرىمە يولىورۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ:«سىلى نىمەت ئاتا قىلغان كىشىلەرنىڭ يولىغا ھىدايەت قىلغايلا» دېمەكتە. يەنى پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشىلاردىن ئىبارەت ئاللاھ تولۇق ھىدايەت نېمىتى ئاتا قىلغان كىشىلەرنىڭ يولىغا ھىدايەت قىلغايلا، دەپ تىلەشنى تەلىم بەرمەكتە.

تولۇق ھىدايەتنى تېخىمۇ تەكىتلەپ«سىلىنىڭ غەزەپلىرىگە ئۇچرىمىغانلار ۋە ئېزىپ كەتمىگەنلەر»نىڭ يولىغا باشلىسىلا، دېيىشنى كۆرسەتمە بەرمەكتە.

ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان كىشلەر «ھەقنى تونۇپ ئەمەل قىلمىغان» كىشىلەردۇر. يەنى توغرا يولدا ماڭمىغان كىشىلەر مەقسەت. بۇلارنىڭ ھىدايەت تاپماسلىقىنىڭ سەۋەبى ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلگەنلىكتە. ھاۋايى-ھەۋەسكە بېرىلگەنلەر بىلىدۇيۇ، ئەمەل قىلمايدۇ.

ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلارنىڭ گۇناھى ئېغىر بولغاچقا، ئايەت بۇلارنى ئېزىپ كەتكەنلەردىن ئالدىدا قويغان. چۈنكى ئىنساننىڭ ئازغانلىقى نادانلىق سەۋەبىدىن بولسا، بىلىم مەرىپەت بىلەن يوقىلىدۇ. ئەمما ھاۋايى-ھەۋەس بىلەن بولۇپ قالسا، ئازغۇنلۇقتىن قول تارتالمايدۇ.

ياخشى بىلەن يامانني بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايدىغانلارغا ئايەت ۋە ھەدىستە قاتتىق ئازاب بىلەن ۋەدە قىلىنغان.

ئايەتتە بايان قىلىنغان ئازغۇنلارنى پەقەت للا خىرىستىئانلارغىلا چەكلەپ قويساق توغرا بولمايدۇ. ئالىملار، دەۋەتچىلەر ۋە ھاكىملاردىن تارتىپ ھەممەيلەن قايسى ئىشتا توغرا قىلغان ۋە قايسى ئىشتا خاتا قىلغانلىقىغا نەزەر تاشلىشى كېرەك. بولمىسا ھىدايەت تاپقانلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ. ئەقىدە، ئىدىيەدە ئازغانلارنى ھىدايەت تاپقان دېگىلى بولمايدۇ.

دېمەك ئالدىمىزدا ئۈچ يول بار:

بىرىنچى يول:توغرا يولدا ماڭغانلار، بۇلارنىڭ يولى ھەقنى بىلىش ۋە ئەمەل قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

ئىككىنچى يول: ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار، بۇلارنىڭ يولى ھەقنى بىلىپ، ھەق بويىچە ئەمەل قىلمىغانلار.

ئۈچىنچى يول: ئېزىپ كەتكەنلەرنىڭ يولى، بۇلارنىڭ يولى بىلمىسىزلارچە ئىش قىلىدىغانلار.

شۇڭا بۈيۈك ئالىم ئىبنى ئۇيەينە: ئالىملىرىمىزدىن كىم بۇزۇلسا، ئۇ ئالىمدا يەھۇدىغا ئوخشاشلىق بار. ئاۋام مۇسۇلمانلاردىن كىم بۇزۇلسا، ئۇنىڭدا خىرىستىيانلىققا ئوخشاشلىق بار، دېگەنىدى.

# «ئاللاھ سېنى بۇيرۇغانىدەك توغرا يولدا بولغىن»دېگەن ئايەت ھەققىدە

ئاللاھ:«(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغانىدەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا ماڭسۇن، ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چەتنىمەڭلار، ئۇ سىلەر قىلمىۋاتقان ئىشنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»دەيدۇ.(ھۇد سۈرىسى، 112-ئايەت).

بۇ قۇرئان كەرىمدە كەلگەن پرىنسىپال قائىدىلەرنىڭ بىرى. ئايەتتىكى «ئىستىقامە» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «توغرا يولدا مېڭىش» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇ بارلىق ئىتائەت ئىشلارنى قىلىشنى ۋە بارلىق چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

توغرا يول«مېتود»نىڭ توغرىلىقىدا نامايان بولىدۇ. ئۇ دائىم سەزگۈرلۈك، تەپەككۇر قىلىش، يولنىڭ بەلگىلىرىنى ئىزدىنىشكە مۇھتاج. «ئىستىقامە» يەنى توغرا يول چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى ياكى سۇسلۇق قىلىشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

شەيتاننىڭ ئەڭ چوڭ نىشانى ئىنساننى ئازدۇرۇش بولغانلىقى ئۈچۈن ئايەت رەسۇلۇللاھ ۋە مۇسۇلمانلارنى توغرا يولدا مېڭىشقا ۋە ھەر ۋاقىت توغرا يولنى تىلەشكە ئېنىق بۇيرۇغان.دېمەك. توغرا يولدا مېڭىش ۋە مۇستەھكەم تۇرۇش دىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھەر قانچە تەقۋا بولسىمۇ توغرا يولدا مېڭىش ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشنى ئەسلىتىپ تۇرۇشقا بەك ئېھتىياجلىق. ئىنساننىڭ تەبىئىيتى ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ياكى چەكلەنگەن ئىشلاردىن يېنىشتا سەل قارايدىغان بولغاچقا، قۇرئان كەرىم توغرا يولغا قايتۇرىدىغان كۆرسەتمىنى ئەسكەرتىپ:«توغرا يولدا مېڭىڭلار ۋە گۇناھىڭلارنىڭ كەچۈرۈشىنى سوراڭلار»(فۇسسىلەت سۈرىسى، 6-ئايەت) دەپ كۆرسەتمە بەرگەن.

خالىغان ۋە خالىمىغان چاغلاردا ئاللاھنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇش مەسىلىسى ئىسلام ئېڭىدىكى ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ قاتارىدىن. شۇنداقلا شەرئەت قۇرۇلمىسى ۋە پەلسەپىسىدىكى ھالقىلىق مەسىلە.

مانا ئايەت رەسۇلۇللاھنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇش، تاشلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى دائىم تاشلاشقا تەۋسىيە قىلماقتا.ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: ساھابىلەردىن بىرسى، رەسۇلۇللاھدىن: ماڭا ئىسلام توغرىسىدا ھېچكىمگە ئېھتىياجىم چۈشمەيدىغان پرىنسىپال خاراكتېرلىك نەسىھەت قىلسىلا دېگەندە، رەسۇلۇللاھ «ئاللاھغا ئىشەندىم دېگىن، ئاندىن مۇشۇ ئىمان يولىدا توغرا ماڭغىن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

توغرا يولدا مېڭىشتىن مەقسەت،ھەر قانچە جاپا تارتسىمۇ، قانچىلىغان پۇرسەتلەر قولدىن كەتسىمۇ پرىنسىپ ۋە ئېتىقاد ئەتراپىدا مەركەزلىشىش دېمەكتۇر.

پرىنسىپىنىڭ زىيىنىغا پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش شەھۋەت ياكى ۋاقىتلىق مەنپەئەتنى ئارتۇق كۆرگەنلىك بولىدۇ. ئەمما پايدىنىڭ زىيىنىغا پرىنسىپنى كۆچلەندۈرۈش بەخت-سائادەت، رازىلىق، غەلىبە ۋە ئۆزگە ئىشەنچىسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى سانىلىدۇ. تەجرىبىلەر پرىنسىپىنىڭ تەكرار غەلىبە قىلىشقا قادىر

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، شۇنداقلا ھارام شەھۋەت كەينىدىن قوغلىشىش قىسمەن ھۇزۇر ھالاۋەتنى ئىشقا ئاشۇرغان بىلەن، بىراق ئۆزىنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

پرىنسىپ كۆزگە سېلىنغان كۆز ئەينەككە ئوخشايدۇ، چۈنكى ھەممە نەرسە كۆز ئەينەكنىڭ رەڭگى بىلەن رەڭ ئالىدۇ. دېمەك، پرىنسىپچان كىشىنىڭ كۆز-قاراش، ھېس قىلىش ۋە باھا بېرىشتە ئۆزگىچە يولى بولىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر مەنسەپكە ئۆزىنى ئاتسا، پرىنسىپچان كىشى ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتىدۇ، كىشىلەر ھارام مالغا چۆمۈپ كەتسە، كۆڭلى سەسكىنىدۇ.

ئەگەر بىز كىشىلەرنىڭ قىزىقىشلىرى ۋە كۈندىلىك پائالىيەتلىرىغا قاراپ چىقىدىغان بولساق، ئومۇمي يۆنىلىشنىڭ نېمىگە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. تۈرلۈك يۆنىلىش ۋە ئوخشىمىغان يوللاردا كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىگە نىسبەتەن ئاللاھ ئۈچۈن ياشاشنى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەشنى نىشانلىغان ئازغىنا ئادەملەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

كۆپلىگەن كىشىلەر پرىنسىپقا مۇھەببەت ئىپلان قىلىدۇ، كۆپىنچىسى ئىغىزىدا قۇرۇق دەۋا قىلىشىدۇ. بىراق بۇلارنىڭ سادىق مۇھەببىتى بولغان بولسا ھاياتىنى پرىنسىپى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان بولاتتى.

پرىنسىپ-ئەتراپىغا توپلانغان ئادەملەرگە كۈچ-قۇۋۋەت، ئىلھام ۋە ئادەتتىن تاشقىرى تۈرلۈك ئىمكانىيەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ قۇربان بېرەلەيدىغان كىشىلەر پرىنسىپ ئىگىلىرى. پرىنسىپچان كىشىلەر كىشىلەرگە ئەڭ پايدا يەتكۈزىدىغانلار، چۈنكى ئۇلار ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ئۈچۈن ئىش قىلىدۇ.پرىنسىپ ئەتراپىدا مەركەزلىشىش ھاياتقا مەنە ئاتا قىلىدۇ، پەقەت يەپ ئىچىش ئۈچۈن ياشايدىغان ھايۋانلاردىن پەرقلىق قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا توغرا يولدا ماڭغانلىقنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتىكى نەتىجىسىگە كېپىل بولدى، ئاللاھ كېپىل بولغان ئىشنىڭ نەتىجىسى چوقۇم ياخشى چىقىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:«زېمىن ئاللاھنىڭ، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى زېمىنغا ھۆكۈمران قىلىدۇ، غەلىبە توغرا يولدا ماڭغانلارغا مەنسۇپ» دەيدۇ،(ئەئراپ سۈرىسى، 128-ئايەت).

دېمەك، كىم گۇناھ قىلىدىكەن، خاتا يولدا ماڭىدىكەن ۋە ھاۋايى ھەۋىسىگە ئەگىشىدىكەن، ئۇ ئادەم ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ ياشايدۇ، ھاياتى گۇمان ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتىدۇ، خاتىرجەملىكنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدۇ.

ئەقىللىق ئىنسان ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ، كەلگۈسىدە خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن رېئال ھاياتقا بېسىم قىلىدۇ.

ئايەتتىكى بۇيرۇلغان نەرسە، شەرىئەت ۋە قۇرئاندۇر. توغرا يولدا مېڭىش ئاللاھنىڭ تەلىماتى بىلەن تولۇق ماسلىشىش دېمەكتۇر.

توغرا يولدا مېڭىش دىندىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە. مۇسۇلمان ھايات يولىدا شەرىئەتكە خىلاپ ئىشنى سادىر قىلسا ئاللاھ تەرەپكە ماڭىدىغان توغرا يولغا توسالغۇ پەيدا قىلغان بولىدۇ، گۇناھ قانچە چوڭ بولسا، توسالغۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. گۇناھ سادىر قىلىپ تۇرۇپ توغرا يولدا مېڭىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىبادەت ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، توغرا يولدا مېڭىش ھاسىل بولمايدىكەن، بۇ پايدىسىز ئىبادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

سەن ئاللاھدىن كارامەت تەلەپ قىلساڭ، ئاللاھ سەندىن توغرا يولدا مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ. توغرا يول كارامەت ۋە ھۆرمەتنىڭ يولى. توغرا يولۇڭدا توسالغۇلار بولمايدۇ، توغرا يولدا ماڭساڭ، ئىشلىرىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

توغرا يولدا ماڭساڭ، ئىشلار سېنىڭ مەنپەئەتىڭگە ئايلىنىدۇ، شارائىتلار سېنىڭ خىزمىتىڭگە تەييارلىنىدۇ ۋە دۈشمەنلەر سېنى ھۆرمەتلەشكە ھەرىكەتلىنىدۇ.

توغرا يولدا ماڭغانلىق كارامەتنىڭ دەل ئۆزى. توغرا يولدا ماڭغانلىقتىن كېلىدىغان پايدىلارنى ساناپ بولغىلى بولمايدۇ.

# «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ» دېگەن ئايەت ھەققىدە

ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ تەسىرىدىن پۈتۈنلەي ساقلىنىپ قالالىشى ناتايىن. گەرچە بۇ بىر مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىمىز «ئىنسان بارچە مەۋجۇتلۇقنىڭ مەركىزى، ئىنسان تۈزەلسە ھەممە نەرسە تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ئىنسان بۇزۇلسا ھەممە نەرسە بۇزۇلىدۇ»دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق شۇ مۇھىتنىڭ يامان ئاسارەتلىرىدىن مۇمكىنقەدەر يىراق تۇرۇشنى، بار ئامالLARنى ئىشلىتىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش، ساپلاشتۇرۇش، سۈزۈلدۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى تەكىتلەپ كەلمەكتە. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ پەزلى-ئېھسانلىرىغا تۇزكورلۇق قىلمىغان ۋە ئاللاھنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلمىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز شۇ پەزلى-مەرھەمەتلەرگە نائىل بولالايدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر بەرمەكتە. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ تائالا بىر مىللەتكە نېئمەت بەرگەن، ياخشىلىق ئاتا قىلغان بولسا، بۇلار ئاسىيلىق قىلىپ بۇ نېئمەت ۋە ياخشىلىقنى يوقىتىپ قويىدىغان ئىشنى قىلمىسا، ئاللا بۇ نېئمەتنى ئۇلاردىن تارتىۋالمايدۇ» (ئەنفال سۈرىسى، 53-ئايەت).

«ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»دەيدۇ(رەئد سۈرىسى، 11-ئايەت)

«(ئۇلارغا) ئېيتتىم:پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بىرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن سىلەر ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟» دەيدۇ(نۇھ، 10-12-ئايەتلەر).

ئەگەر ئاللاھقا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كۆرسەتكەن رەۋىشتە ئىتائەت قىلىدىغان بولساق، ئۇ بىز ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى بېرىدۇ ۋە بىز ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىلەرنى بىزدىن دەپئى قىلىدۇ. ئەگەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلساق، ئاللاھ

بىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتلىرىنى تارتىۋالىدۇ ۋە بىزنى بىز ياخشى كۆرمەيدىغان ئاقىۋەتلەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ.

ئاللاھ ھەدىس قۇدۇسىيدا مۇنداق دېگەن:«مەن پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، پادىشاھلارنىڭ قەلبى مېنىڭ قولۇمدا. ئەگەر ئىنسانلار ئىتائەت قىلسا، پادىشاھ ۋە رەئىسلەرنىڭ قەلبىنى ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىشقا ئۆزگەرتىمەن. ئەگەر ئاسىيلىق قىلسا، پادىشاھلارنىڭ قەلبىنى ئۇلارنى يامان كۆرىدىغان ۋە ئازابلايدىغان قىلىپ قويىمەن. شۇڭا سىلەر پادىشاھلارنى تىللاپ ئۆزۈڭلەرنى ئاۋارە قىلماي، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا دۇئا قىلىڭلار، ئۇلارنىڭ ياخشى بولۇشى سىلەرنىڭ تۈزۈلۈپ توغرا يولدا مېڭىشىڭلارغا باغلىق».

ئۆزۈڭنى تۈزەت، ھالىڭنى ئىسلاھ قىل. سەن ئۆزگەرمىگىچە ئاللاھ ئۆزگەرتمەيدۇ. مەسىلەن: سەن خاتىرجەم ئەركىن تۇرمۇش ئىچىدە بەختلىك ياشاۋاتقىنىڭدا ناشايان ئىشلارنى قىلىپ نېئمەتكە تۇزكورلۇق قىلمىساڭ ئاللاھ سەندىن بۇ بەختنى تارتىۋالمايدۇ، بەختىڭ داۋام ئېتىدۇ. شۇنىڭدەك سەن يامان بىر ھالەتتە بولساڭ شۇ ھالىڭنى تۈزەش ئۈچۈن

ياكى ياخشى بىر ھالەتتە بولساڭ شۇ ھالىڭنى تېخىمۇ ياخشىلاش ياكى ئىزچىل ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نەپسىڭ بىلەن كۆرەش قىلىشىڭ كېرەك. بىر ئادەم ئۆزى چۈشۈپ قالغان كىرىزىسلاردىن خالاس بولۇشى ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ ھالىنى ئۆزگەرتمىسە ئاللاھ ئۇنىڭدىن خاپىلىقنى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ.

بىز يورۇتماقچى بولغان يۇقىرىقى ئايەتكە مۇنداق ئىككى خىل مەنە بېرىش مۇمكىن: بىرى، سەن ئۆزگەرمىگىچە ئاللاھ ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ. ئىتائەتتىن گۇناھقا چەتنەپ كەتمىسەڭ، ھالىڭنى ياخشىلىقتىن يامانلىققا ئۆرۈپ قويمايدۇ. يەنە بىرى، گۇناھ ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ ئىتائەت ئىشلارغا ئاتلانمىساڭ، ھالىڭنى يامانلىقتىن ياخشىلىققا ئۆزگەرتىپ قويمايدۇ.

سەن ئۆزگەرمىگىچە ئۆزگەرتمەيدۇ. مەسىلىنىڭ نېگىزى يەنىلا سەن. سەن ئۆزگىرىش تەرىپىگە يۈزلەنسەڭلا ئاللاھ ئۆزگەرتىدۇ، ئۆزگىرىشنى خالىمىساڭ ياكى ئۆزگىرىش تەرىپىگە يۈزلەنمىسەڭ ئاللاھ ئۆزگەرتمەيدۇ.

ئىنساندا ھەرقانچە كۆپ ئېقتىدار، ئىمكانىيەت ۋە قولاي شارائىتلا بولسىمۇ، يەنىلا ئاللاھنىڭ تەقدىر

دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە شۇ ئارقىلىپ ئالالاھنىڭ پەزلىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر چوقۇم بار كۈچى بىلەن ئالالاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە شۇ يۈنىلىش بويىچە ئۆزىدىكى ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇشقا كۈچىشى كېرەك. ئىمكانىيەتلەرنى توغرا بايقاپ، بار كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش خەۋپ ۋە خېرىسقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى.

يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى مۇنۇ ھەدىس ياخشى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: ھەزرىتى ئەلى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ بىزگە:

- ھەممىڭلارنىڭ جەننەتتىكى ۋە دوزاختىكى ئورنى پۈتۈلۈپ بولدى، - دېدى. بىز:

- ئى ئالالاھنىڭ رەسۇلى! ئۇنداق بولسا، بىز شۇنىڭغا تايانساق بولمامدۇ؟ - دېگەنىدۇق. ئۇ:

- ياق، ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىڭلار. ھەر ئادەمنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى ئۇنىڭغا ئاسان قىلىنىدۇ،- دېدى. ئاندىن:((پۇل ـ مېلىنى ئالالاھنىڭ رازىلىقى

ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز) دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى».

كۆنۈككەن بىر ئادەت ياكى مۇھىتتىن ئايرىلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق بەدىلى بولىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي خالاس بولۇشمۇ ئېغىزدا ئېيتقاندەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئەمما ئاللاھنىڭ پەزلى-رەھمىتىنى ۋە رازىلىقىنى كۆزلىگەن بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن بۇ قىلغىلى بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس. ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنى تۈزىتىش ئۈچۈن ياكى جاپا چېكىپ بەدەل تۆلەيمىز ياكى ئۆزىمىزنى تۈزەتمىگەنلىكىنىڭ جازاسىنى تارتىمىز. بۇ ئېنىق مۇقەررەر مەسىلىدۇر.

ئۆزىنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئىرادە قانچىلىك مۇھىم بولسا، توغرا ئاڭ تېخىمۇ مۇھىم. شۇنىسى ناھايىتى

ئېنىقكى، بىز ئىرادە قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلمەيمىز. بەزىدە ئېرىشكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ پايدىمىزغا بولمايمۇ قالىدۇ. شۇڭا ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزدە مۇستەھكەم ئىرادە تۇرغۇزۇشىمىز، ئاندىن ئىشلارنىڭ ئەڭ توغرا ۋە شەرئىي يوللۇق بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا ناۋادا بىز ئىرادىمىز بويىچە كۈتكەن نەتىجىگە ئىرىشەلمەي قالغان تەقدىردىمۇ يەنىلا شەرئەت تەرىپىگە يۈزلەنگەنلىكىمىزنىڭ ئەجرىگە ئىرىشەلەيمىز.

## ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى بىر قانچە پىرىنسىپ

1. ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشتا چىدامچانلىق روھى بولۇش كېرەك!

ماددىي ئىسلاھات مەنىۋىي ئىسلاھاتتىن كۆپ ئاسان بولىدۇ. ئادەت، ئىستىل، چۈشەنچە ۋە ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش زور سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

2. مۇناسىپ پۇرسەت ئىزدەش ۋە قولغا كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك!

كېچە ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ ھامان تاڭ ئاتىدۇ. شۇنداق، بەزىدە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشتا نۇرغۇنلىغان توسالغۇلارغا يولۇقىدىغان ئىشلار بولىدۇ.لېكىن ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىمىزلا دەيدىكەنمىز «شارائىت ھەر قانچە يامانلىشىپ، يوللار ھەر قانچە تارىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە يۈكسىلىش پۇرسىتى ھامان تېپىلىدۇ» دەيدىغان ئىشەنچكە كېلىشىمىز لازىم.

ۋەزىيەت، شارائىت دائىم بىز كۈتكەندەك بولىۋەرمەيدۇ. لېكىن چىن ئىرادە ۋە سەمىمىي قەلب بىلەن ئىسلاھات تەرىپىگە يۈزلىنىمەنلا دەيدىكەنمىز مۇناسىپ پۇرسەت تېپىلىپ تۇرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى قېلچە باھانە تاپماسلىق، يوقىلاڭ باھانە سەۋەبلەر بىلەن مەسئۇلىيەتتىن قاچماسلىقتۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:«ئاشۇ ئىشلاردا بەسلىشىدىغانلار بەسلەشسۇن». دېمەك، ياخشىلىق، ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە ئۆزىنى ئىسلاھ

قىلىش ساھەلىرى بەسلىشىش ۋە رىقابەتلىشىش مەيدانى بولۇشقا ئەڭ مۇناسىپ. بۇ ساھەدە ھەر بىر ئادەمگە ئۆزىگە يارىشا ئورۇن ۋە پۇرسەت بار.

3.دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنىڭ ئاچقۇچى ئۆزىنى ئىزچىل ئىسلاھ قىلىشتۇر.

ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تۈزىتىش مەسىلىسى قىلىسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئادەتتىكى بىر ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە، قەدىر-قىممەتكەمۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. مەسىلەن:بىر ئادەم ئىسراپخورلۇق سەۋەبىدىن ئېغىر قەرزدار بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ئادەمنىڭ ئەڭ مۇناسىپ چىقىش يولى چىقىم قىلىشتىكى ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، تېجەشلىك بولۇش. بۇنداق قىلغاندا شەرىئەتتە ھارام قىلىنغان ئىسراپچىلىققا چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ، شۇنداقلا بۇ دۇنيادىكى قەدىر-قىممىتى ۋە ئىززىتىنىمۇ ياخشى قوغداپ قالالايدۇ. دېمەك، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى قەدىر-قىممەت، بۇ دۇنيادىكى غورۇر ۋە ئىززەتنىڭ بىردىنبىر ئاساسى ئىزچىل ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۈرۈش ۋە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى ۋاقتىدا ئىسلاھ قىلىپ تۇرۇشتۇر.

پەقەت ئۈمىدسىز، قەدىر-قىممەتكە قىزىقمايدىغان، شەرەپ-نومۇس تۇيغۇسى يوق كىشىلەرلا ئۆزىنى تۈزىتىشكە ۋە ئۆزگەرتىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

شەخس سۈپىتىدە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ تۈنجى قەدىمى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ھەر ئادەم جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىمارەتتىكى بىر كېسەكتۇر. ئىمارەتنىڭ كۆركەم، ھەيۋەتلىك، گۈزەل پۈتۈپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم چوقۇمكى ھەر بىر تال كېسەكنى ياخشى تاللىشى لازىم.

4. ئىلىم-مەرىپەت ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئۇلارنى ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھاتقا ئۈندەيدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىللارنىڭ بىرى. قەشقەر ۋە بۇخارا مەدرىسىلىرىدە ئۇزاق مۇددەت ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئىلىم بىلەن خەلقنى ئاقارتىش ئىستىكىدە بارلىق ئەقىل-پاراسىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى دىنىي، مىللىي مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، دىن بىلەن پەن بىر گەۋدە قىلىنغان يېڭىچە مائارىپنى گۈللەندۈرۈشكە سەرپ

قىلغان مەشھۇر ئۆلىما، ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللامنى خوراپات ۋە نادانلىق ئەۋج ئالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىشتا ئاۋانگارت بولۇشقا ئۈندىگىنى، خەتەرلەرگە تەۋەككۇل قىلدۇرغىنى ئۇنىڭ كۈچلۈك ئېتىقادى، چىن مەنىدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، توغرا ھەزىم قىلىنغان ئىلىم-مەرىپىتى، مۇكەممەل يېتىلگەن ئادىمىيىتى ئىدى.

قايسى بىر جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ مەرىپەت ۋە ھەزارىتىدە كۆرۈنەرلىك يۈكسىلىش بارلىققا كېلىدىكەن، چوقۇمكى شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىدە نەتىجە يارىتىش، ئالغا ئىلگىرىلەش،تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىشكە بولغان تەلپۈنۈشلەر كۈچىيىشكە باشلايدۇ. يۈكسىلىشكە ئىنتىلىش كىشىلەردە ئۆزىنى ئۆزگەرتىش سېغىنىشىنى پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىش يولىدىكى زور بەدەللەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلالايدىغان ھالەتكە ئېلىپ كېلىدۇ.

ساۋاتسىزلىق، قالاقلىق ۋە نادانلىق ھەرقانچە خار-زەبۇنلۇققىمۇ غىڭ قىلماي تەسلىم بولىدىغان روھىي مەغلۇبىيەتچىلىككە زېمىن ھازىرلايدۇ.

ئادەم قانچىكى كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولغانسېرى ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھاتقا شۇنچە كەڭ زېمىن ھازىرلانغان بولىدۇ. چۈنكى، كۆپ قىرلىق مەلۇمات ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى،كىشىلىك قىممەت-قارىشى ۋە نەزەر دائىرىسىگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

5. ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشتا ئىنچىكە سەزگۈرلۈك بولۇشى كېرەك!

ناچار ئادەت ۋە غەيرىي ئىستىللار ھەرگىزمۇ ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ چوقۇم مەلۇم ئارقا كۆرۈنۈشى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدە ئەڭ ئاۋۋال مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىشىمىز، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك تەرىپى بىلەن، ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك تەرىپىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈۋېلىشىمىز كېرەك. ناۋادا ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتتىكى ئۇسۇلغا دىققەت قىلمىغاندا ئاسانلا ئىسلاھات قىلغۇچىلىق سالاھىيەتنى يوقىتىپ بۇزغۇنچى بولۇپ قالىدىغان گەپ. ئىنسان ناھايىتى مۇرەككەپ بىر مەۋجۇتلۇق. ئۇنىڭ بىز كۆرۈۋاتقان زاھىرى بىلەن ئىچكى دۇنياسى تامامەن ئوخشاش بولۇپ كېتىشى ناتايىن. بىز بەزىدە

جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئىللەتلەرنى ناھايىتى ئاسانلا ئۆزگەرتەلەيدىغاندەك، بىر قېتىم ياكى بىر قانچە قېتىملىق تەبلىغ، دەۋەتلەر ئارقىلىق تۈزىۋەتكىلى بولىدىغاندەك ئويغا كېلىپ قالىمىز. ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مەسىلە بۇنداق ئاددىي بولماي قالىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەر بىر كۈندىلا پەيدا بولۇپ قالمايدۇ. ھەر ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس سەۋەبى ۋە جەريانى بولىدۇ. ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىش ئىشلىرىدا ئاۋانگارت بولماقچى بولغانلار ھەر بىر مەسىلىگە نىسبەتەن سەزگۈر ئىنكاستا بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ زاھىرى تەرىپىدىن بەكرەك ماھىيىتى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

6. ئىرچىللىق ۋە مۇستەھكەم ئىرادە ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ يادروسى.ئەگەر بىزدە ئىرچىللىق ۋە پولاتتەك ئىرادە بولمايدىكەن ھەر قانداق ياخشى مۇھىت ۋە ئەۋزەل شارائىتلارمۇ ھېچ ئىشقا يارىماي قالىدۇ.

نۇرغۇن ئاقكۆڭۈل قېرىنداشلار ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشقا شۇنچە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

كېچە-كۈندۈز ئۆزىنى بۈيۈك ئىسلاھاتلارغا ساھىبخانلىق قىلسامكەن دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۆزى ئارزۇ قىلىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرىنى چۈشەنمىگەچكە بىھۇدە بەدەل تۆلىگەننى ئاز دەپ ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ. بۇ خىل روھىي كىرىزىسقا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ نېمە ئىشلارغا ياراپدىغانلىقىمىزنى ئوبدان مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىشىمىز، قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنىڭ ھەۋىسىنى قىلىپلا يۈرگىچە قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى توغرا نىيەت ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىمىزدە ئىشەنچ ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئىشەنچ ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن غايىمىز تەرىپىگە قاراپ ئىزچىل ئىلگىرىلىگەندىلا ھامان بىر كۈنى نەتىجىگە ئىرىشەلەيمىز.

7. «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش» لازىم.

ھەر قانداق ئىشنىڭ باشلىنىشى ئادەمدە ھەرخىل ئىزتىراپ ۋە خەۋپسىرەش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. بۇ

چاغدا ئادەمدە ناھايىتى كۈچلۈك ئۆزلۈك خاھىشى، ئۆزگە بولغان ئىشەنچ ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بولمىسىلا ئىش باشلىنا-باشلانماي مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتىدىغان گەپ. ئۆزگە بولغان ئىشەنچى كەمچىل، ئۆزلۈكى ئاجىز ئادەملەردە ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھات ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتەلمەسلىك ئەھۋالى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەملەر كۆپىنچە ئۆزىنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇخىل ئەھۋالدا ئۇلار «سىڭگەن نېنىنى يېيىش» تەرەپدارى بولۇپ، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، نىشان، غايە قانچىكى بۈيۈك بولسا ئۇنىڭغا تۆلەيدىغان بەدەلمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. غايىگە يېتىش يولىدا گاڭگىراش، ئىزتىراپ چېكىش بىر بولسا مەنىۋىيەتنىڭ ئاجىزلىقىدىن، يەنە بىر بولسا غايىنىڭ ئەمەلىي رېئاللىققا ماسلاشمىغانلىقتىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھات قىلىشتا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى، يېتەرسىزلىكلىرىنى بىر قۇر تونۇۋېلىش؛ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىمۇ شۇ جەمئىيەتتىكى ساقلاپ قىلىشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن خاتىمە بېرىشكە تېگىشلىك

ئىللەتلەرنى توغرا پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئىسلاھ قىلىش ۋە ساقلاپ قېلىش يوللىرىنى ياخشى تەھلىل قىلىش لازىم. ئۆزىنى تۈزىتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش شەخسىي مەسىلە بولغان بىلەن جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تۈزىتىش بىر پۈتۈن خەلقنىڭ مەسىلىسى. بۇنداق چوڭ مەسىلىلەردە ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ شەخسىي ھېسسىياتىغا تايىنىپلا ھەر مۇقامدا يورغىلىماستىن، ھەر ئىشتا كېڭەشلىك بولۇپ، تارىختىن دەرس ۋە ساۋاق ئېلىپ ئىشلارنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى تەڭ نەزەرگە ئېلىشى ۋە قىلماقچى بولغان ھەر ئىشىدا «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىشى» لازىم.

# «كىم ھېكمەتكە ئېرىشەلىسە، نۇلۇق ياخشىلىققا ئېرىشكەن بولىدۇ»

ئاللاھ:«ئاللاھ ھېكمەتنى خالىغان بەندىسىگە بېرىدۇ. ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ» دەيدۇ، (بەقەر سۈرىسى، 269-ئايەت).

«ھېكمەت» دېگەن سۆز قۇرئان كەرىمدە بىر قانچە ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. تەپسىرشۇناسلار ھەر ئورۇندىكى مەنىسىنى ئايەتنىڭ سىياقىغا قارىتا بەلگىلىگەن. بەزىدە «سۈننەت» دەپ تونۇشتۇرغان بولسا، يەنە بەزىدە «ۋەز-نەسىھەت» دېگەن، يەنە بەزىدە «قۇرئان» دەپ تەپسىر قىلغان، يەنە بەزىدە«شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە ئەھكاملىرى» دەپ ئىزاھلىغان.

ئالىملار بۇ ئايەت كەرىمدە تۈرلۈك كۆپ قاراشلاردا بولغان. مەسىلەن: پەيغەمبەرلىك مەسىلىسى، قۇرئاننى چۈشىنىش، ئاللاھنىڭ دىنىنى بىلىش ۋە ئاللاھدىن

قورقۇش، شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە دىنىنىڭ ئەھكاملىرى... دېگەندەك.

ئىمام مالىك«ھېكمەت»نى:«ئاللاھنىڭ دىنىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش»دەپ تەرىپلىگەن. مۇشۇ قاراش ئەڭ توغرىراق قاراش بولىشى مۇمكىن.

«ھېكمەت»:تارماق مەلۇماتلاردىن پرىنسىپال ئۇقۇملارغا ھالقىپ ئۆتىدۇ. «ھېكمەت» دېگەن «ھەر بىر نەرسىنى جايىدا قويۇش»دېمەكتۇر. ئىنسانىنىڭ توغرا پوزىتسىيىسى دانىشمەن ئادەملەرنىڭ ھېكمەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقى ئېنىق.

«ھېكمەت» دېگەن: ھەقنى بىلىشتۇر. ھېكمەت دېگەن مېتودنى بىلىشتۇر، ھېكمەت دېگەن ئىشنى جايىدا قىلىشتۇر، ھېكمەت دېگەن مۇناسىپ ئىنسان بىلەن مۇناسىپ مىقداردا مۇناسىپ ۋاقىتتا مۇناسىپ سۆز قىلىشتۇر. مانا بۇ ھېكمەت، ھېكمەت ھاياتنىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە. ھېكمەت بىلەن مال-دۇنيا تاپقىلى بولىدۇ، لېكىن پۇل بىلەن ھېكمەت تاپقىلى بولمايدۇ. ھېكمەت مال-دۇنيا بەدىلىگە سېتىۋېلىنمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن مۆمىنلەرگە مۇكاپات سۈپىتىدە بېرىلىدۇ.

ئاللاھ بىلەن ئالاقە ئورناتقان مۆمىندىن ھېكمەت نۇرى چىقىپ تۇرىدۇ، ياراتقۇچىنىڭ تەلىماتلىرىنى تەتبىقلىغان ئىنسان ھېكىم ئىنسان سانىلىدۇ. ئاللاھغا ئىتائەت قىلغان، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئەمەل قىلغان ئىنسان ھېكىم ئىنساندۇر. ئاللا تائالا ھەممەيلەنگە ھېكمەت ئاتا قىلغاي. ئاللاھدىن قورقۇش ھېكمەتنىڭ بېشى. ھېكمەت ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ كاتتا نېئمەتتۇر.

## ھېكمەت دېگەن سۆز ھەققىدە ئىزدىنىش

1.ئىنسانىيەت تارىخى ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى دۇنياسىدىكى ئېنىقسىزلىق ۋە غۇۋالىق بىلەنكۆرەش قىلىپ كەلدى. ئىنسانتوغرا قەدەم ئېلىش ئۈچۈن بۇ كائىناتتىكى ئورنى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنى ياخشى بىلىش شارائىتىغا ئىگە قىلىدىغان ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنى تۈزۈپ چىقىشقا ئۇرۇنماقتا.ئىنسان بۇ تېمىدا ھەر قانچە ئۇرۇنسىمۇ ئۈنۈم قازىنىش نىسبىتى نىسبىي بولىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ بۇ ئۈنۈمگە باھا بېرىشىمۇ تۈرلۈك بولىدۇ.

چۈنكى ئىنساننىڭ پرىنسىپلىرى ۋە مەرىپەتلىرى داۋاملىق نەرسىلەرگە قارىتا كۆز-قاراش شەكىللەندۈرۈشتە كونتروللۇق رولىنى ئوينايدۇ. نەتىجىدە بىر پوزىتسىيە بىر ئادەمنىڭ نەزىرىدە ھېكمەتلىك ئىش بولسىمۇ، يەنە بىر ئادەمنىڭ نەزىرىدە ئەھمىيەتسىز ئىش بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نەتىجە ۋە ئاقىۋىتىگە قاراپ چۈشەنچە ۋە ئۇقۇمنىڭ بىرلىشىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

2.ھېكمەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىل ئۈچ: زېرەكلىك، مەرىپەت ۋە ئىرادە. ئۆتكۈر زېرەكلىك، كەڭرى مەرىپەت ۋە پولاتتەك ئىرادە ھېكمەت شەكىللەندۈرەلەيدۇ. مۇشۇ ئۈچ ئامىل قانچە تولۇق تېپىلسا ھېكمەت شۇنچە مۇكەممەل بولىدۇ.

مەرىپەت بولۇپ زېرەكلىك بولمىسا، توغرا پوزىتسىيىنىڭ تۇغۇلىشىنى كېچىكتۈرىدۇ. ئۆتكۈر زېرەكلىك ۋە كەڭرى تەجرىبە بولۇپ ئىرادە كۈچى بولمىسا، ئىنساننى يەنىلا دانىشمەن ئىنسان قىلالمايدۇ. چۈنكى ئىرادە كۈچىنىڭ ئۆزىلا ئىنساننى تەجرىبە ئىشىغا بويسۇندۇرالايدۇ، ئىرادە ئىنساندا ئىستىل شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

زېرەكلىك ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىقتىدار. كەڭرى مەرىپەت، شەخسىي تىرىشچانلىق. كۈچلۈك ئىرادە بولسا ئۇنىۋم قازانغان جەمئىيەتنىڭ ياخشى پەرزەنتلىرىگە ئاتا قىلغان سوۋغىتى. زېرەكلىك ئىرادە ۋە ئىقتىدار سەۋىيەسىدە ھۆرمەت بىلەن ياشاشقا كېرەكلىك دائىرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ، بىراق ئىقتىدار ئاتا قىلالمايدۇ.

3.مەرىپەت ھەر قانچە كەڭ بولسىمۇھېكمەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىلنىڭ بىرسىدىن ئارتۇق نەرسە ئەمەس، شۇڭا «ئالىم» بىلەن «دانىشمەن ئادەم» ئارىسىدا پەرق بار. بەزىدە بىر ئادەم بىرەر كەسىپتە مۇتەخەسسىس بولىشى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ «دانىشمەن ئادەم» دەپ قارالمايدۇ. شۇنداقلا«دانىشمەن ئادەم» بىرەر پەندە كاتتا ئالىم بولماسلىقى مۇمكىن.

«ئالىم»ئۆزلەشتۈرۈش ئۇچۇن مەرىپەتنى پارچىلاپ، نەچچە خىل سىياقىدا قايتا قۇراشتۇرۇپ چىقىدۇ. ئەمما«دانىشمەن ئادەم»بولسا كەلگۈسى ئۇچۇن-ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى نەتىجىلەر ماسلىشىدىغان- پرىنسىپال قاراشقا يېتىشتە ئومۇمىي ئۇقۇملارنى

يەكۈنلەش ئۈچۈن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىي تەجرىبىنى بىرلەشتۈرىدۇ.

بىلىم-مەرىپەت دورا ۋە قورال ياساش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. لېكىن ھېكمەت بىزگە قاچان داۋالاش ۋە قاچان ئۈزۈش قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئالىملار كۆپ، دانىشمەنلەر ئاز. مەرىپەتنى تەھلىل قىلىش، شەكىللەندۈرۈشتىن ئاسان. ئىسلام تەشۋىقات خىزمىتى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بىلىم مەرىپەت بىلەن تۈرلۈكمەدەنىيەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئىسلاھات، ئويغىنىش ۋە قىيىن كېسەللەرنى داۋالاشتا ھەل قىلغۇچ ۋاستىلارغا يەتكۈزىدىغان«بۈيۈك دانالار»غا بەك مۇھتاج.

ھېكمەت ۋاستە ۋە ئۇسۇل-چارىلەرنىڭ ئانىسى. ھېكمەت ساناقسىز بولۇپ تۈگەپ قالمايدۇ، دائىم لەپىلدەپ تۇرىدۇ.

4.مۇسۇلمانلار ئېڭى خېلى بۇرۇنلا پەلسەپىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن، چۈنكى كۆپلىگەن مۇسۇلمان پەيلاسوپلار «پەلسەپىنى»ۋەھىي ۋە شەرىئەت ئۇقۇم دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتكەن. نەتىجىدە پەلسەپە

ئۇقۇملىرى ئىسلام مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدىن يات نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان.

ھېكمەت سۆزى كەلگەن ئايەتلەرگە نەزەر تاشلىغان ئادەم «قۇرئان» دېگەن سۆز كەلگەن ئايەتلەرنىڭ ئارقىدىنلا«ھېكمەت»دېگەن سۆزنىڭ كەلگەنلىكىنى بايقايدۇ.

بەلكىم مۇنداق كېلىشىدە، ئومۇمىي ئۇقۇم ۋە پرىنسىپال قاراشقا ئىگە «ھېكمەت» قۇرئان پرىنسىپلىرى ۋە تەلىماتلىرىنىڭ سىرتىدا شەكىللەنسە توغرا بولمايدۇ، دېگەنلىكنى كۆرسەتسە كېرەك. قۇرئان كەرىم ھېكمەتنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ ۋە يېتەكلەپ ماڭىدۇ. بۇ ھېكمەتنىڭ نەتىجىسى ۋە ھەرىكىتىگە چەك قويغانلىق ئەمەس، بەلكى ھېكمەتنىڭ يۆنىلىشى ۋەمەقسىتىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن «ھېكمەت»نى قوغدىغانلىق ۋە ھېكمەتنى چەك تۇتۇۋالغانلىقتۇر. چۈنكى ئىنسان ئەقلىنىڭ ئىمكانىيىتى كەڭرى بولسىمۇ «كۆرسەتمە بېرىش» دائىرىسىدە تۇرۇپ خىزمەت قىلمىسا ئاكتىپ خىزمەت قىلالمايدۇ. كۆرسەتمە دائىرىسى ئىنسان ئەقلىگە«ئۆزگەرمەس پرىنسىپ ۋە ئىشەنچ»ئاتا قىلىدۇ.

ئىنسانىيەت مەرىپىتى مۇكەممەللەشمەكتە، مەلۇمات ئىنقىلاپ دەۋرى ھەزارەت دەۋرلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىسقا دەۋر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇندىن كېيىن: كىملىك سوئاللىرى، مەۋجۇتلۇق ئىللەتلىرى، ئاقىۋەت مەسىلىسى،ئىنسان تەبىئىتىنىڭ خاراكتېرى، ۋە ھەق-ھوقۇقىدىن ئىبارەت چوڭ سوئاللار دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ.دېمەك، پەلسەپە قەدىمقى شەرىپىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.شۇڭا بىز ھازىردىن تارتىپ كەلگۈسى دەۋرنىڭ سوئاللىرىنى چۈشىنىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ جاۋاب بېرەلەيدىغان ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك.

5.«پولاتتەك ئىرادە»ھېكمەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئامىل. ئىرادە «نەزەرىيە مەرىپىتىنى»ھېسسى رېئاللىقتا ئەمەلىي ئۆرنەكلەرگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدىغان ھايات دورىسى.

«ھېكمەت» تۈرلۈك چۈشەنچىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىچكى نۇردىن ئىبارەت. شۇنداقتىمۇ ھېكمەتنىڭ تەبىئىيىتى بەزى پوزىتسىيەلەردە ۋە ئىستىللاردا نامايەن بولىدۇ، ھېكمەتنىڭ بەزى مەيدانلاردا كۆرۈنۈشى ئاللاھنىڭ شۇ

ئادەملەرگە بەرگەن پەزلى ۋە نېمىتى. بۇ ھېكمەت نامايەن بولىدىغان پوزىتسىيە ۋە مەيدانلار ساناقسىز. مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قانچە مىسال ئالايلى:

(1).«ھېكمەت» دائىم ئۆسۈپ تۇرىدۇ. زېرەكلىك، تەجرىبە ۋە ئىرادە ئارىسىدىكى ئۈنۈملۈك بىرلىشىش ھېكىم ئادەمنىڭ چۈشەنچىسىنى دائىم ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ.

(2).«ھېكىم ئادەم»شارائىتقا قاراپ تۇرۇپ ۋاقىتلىق نەرسىدىن دائىملىق نەرسىنى ۋە ھازىرقىدىن كېيىنلىكنى تاللايدۇ.

(3) ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئىچىدە ھەرىكەتكە توشقان مەيدان بار بولىدۇ. ئۇ مەيدان سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش، يەكۈن چىقىرىش، تەھرىرلەش ھەرىكىتىدىن توختىمايدۇ. دېمەك، ھېكىمنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئوكيانىنىڭ چوڭقۇرىدىكى دولقۇندەك دولقۇنلاپ تۇرىدۇ.

ھېكىم ئادەملەر مەرىپەت ۋە تەجرىبىلەرنى بىر بىرسىگە باغلاشتىن ئىبارەت ئالاھىدە بىر ئىقتىدارغا

ئىگە بولۇپ، ئاخىردا باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان قايماقنى سۈزۈپ چىقىرىپ بېرىدۇ.

(4).ھېكىم ئادەملەر مەسىلىلەرنى ئۆز ھەجمىدە ھېس قىلالايدۇ. مەسىلەن، چوڭ مەسىلىلەرنى چوڭ كۆرىدۇ، كىچىك مەسىلىلەرنى كىچىك كۆرىدۇ. مەسىلىلەرنى توغرا شەكىلدە مۆلچەرلەش ئىنسانىيەت تارىخ بويىچە دۇچ كېلىۋاتقان بەك خەتەرلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرسى.مەدەنىيەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبلىرىنىڭ بىرسى كىشىلەر ئادەتتە تايىنى يوق ئىشلار دېگەن مەسىلىلەر سەۋەب بولغان.

ھېكىم ئادەم دېگەن:ھازىرقى پەيتتىن ئىلگىرىكى نەرسىنى كۆرەلەيدۇ ۋە كېيىنكىسىنىمۇ ھېس قىلالايدۇ. ئۇ شىۋىرغان قوزغىلىشتىن ئىلگىرى ھېس قىلىپ خەلقنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مەسىلىلەرنى ھەقىقى ھەجمى بىلەن كۆرەلەيدۇ، ھېكىم ئادەم بولسا مۇناسىپ ۋاقتىدا كۆرەلەيدۇ. سۇپيان سەۋرى«پىتنە تۇگىگەندە ھەممە ئادەم بىلەلەيدۇ. پىتنە باشلانغاندا ئالىمدىن باشقىسى بىلەلمەيدۇ»دېگەن ئىكەن.

«مۇتەخەسسىسلەر»ئىلمىي تەرەققىياتنىڭ ئەسكەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېكمەت تەسىرلىرى چەكلىك بولىدۇ، ھەممىسى دانا ئادەم بولۇپ كەتمەيدۇ.

(5).كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى«ئاچچىق»نىڭ دەرىجىسى ھېكمەتنىڭ يوقلۇقىدىن بولىدۇ. بىزگە ياقمايدىغان ئىشلار يۈز بەرگەندە بىزدە پەيدا بولىدىغان يىنىكلىك ۋە بىئاراملىقنىڭ سەۋەبى: مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبلىرى، يىلتىزى، قانۇنىيىتى ۋە نەرسىلەرنىڭ خاراكتېرىنى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

بىراق ھېكىم ئادەمنىڭ ئىچىدىن چىققان «ئاچچىق» ھادىسىلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىشىدىن كېلىپ چىقمايدۇ، بەلكى كىشىلەرنىڭ غاپىللىقى، دۆتلۈكى ۋە ۋەز نەسىھەتلەر ياكى ئاگاھلاندۇرۇشلارنى كۆزگە ئىلماسلىقىدىن ياكى ئاددىي سانىشىدىن پەيدا بولىدۇ.

# «ئىمان ئېيتقان ۋە توغرا يولدا ماڭغانلار» دېگەن ئايەت ھەققىدە

توغرا يولدا مېڭىش دېمەك «دىن» دېمەكتۇر. «دىن» دېمەك «توغرا يولدا مېڭىش» دېمەكتۇر. «دىن» دېگەن:ساغلام ئەقىدە، توغرا ئىدىيە، راستچىل تىل ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىش-ھەرىكەتتىن ئىبارەت.

قۇرئان كەرىم تەلەپ قىلىۋاتقان «ئىستىقامە» دېگەن ۋىجدانىدىكى تۇيغۇ ۋە ھاياتتىكى يۆنىلىش مېتودىدىن ئىبارەت. توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش ۋە بەرداشلىق بېرىش ئاسان ئەمەس. ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىت بولۇش ئاسان، لېكىن ئاللاھنىڭ يولى«توغرا يول»دا ياشىماق تەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئايەت كەرىمە «توغرا يول»دا مېڭىشنى ئىماننىڭ سادىقلىقىنىڭ بەلگىسى قىلىپ بەلگىلىگەن. توغرا يول ۋە توغرا مېتود بولمىسا، بۇ ئىماندىن چاتاق چىققان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توغرا يولدا ماڭالىغانلارغا پەرىشتىلەر ھەمرا بولۇش ۋە دوست بولۇشتەك ئاللاھدە مۇكاپات بار.

بۇ ھەقتە ئاللاھ«پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھدۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ:«قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار» دەيدۇ (فۇسسىلەت،30-ئايەت)

ئىمان ئېيتقان، ئىمانىنىڭ ھەقىقىتىدە چىڭ تۇرغان، ئاللاھنىڭ تەلىماتى ۋە كۆرسەتمىسىنى تۇتۇپ رۇس ماڭغان، ئىتائەت قىلغان ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە گۇناھ ئىشلاردىن ساقلانغانلارغا دۇنيا-ئاخىرەتتە ئۇلۇغ مۇكاپاتلار بار. پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ قەلبىنى خۇرسەن قىلىدىغان غەلىبە-بېشارەتلەرنى ئېلىپ چۈشىدۇ ۋە ئۇلاردىن غەم-قايغۇلارنى يوقىتىدۇ. يەنى ئۇلاردىن ئۆتمۈشنىڭ غەملىرى ۋە كەلگۈسىنىڭ قورقۇنچىلىرىنى ئېلىپ تاشلايدۇ.نەتىجىدە خاتىرجەم ۋە بەختلىك ھالەتتە ياشايدۇ.

توغرا يولدا ماڭغان مۇسۇلمان قولدىن كەتكەن نەرسىگە پۇشايمان قىلمايدۇ ۋە كەلگۈسىدىن ھەرگىز ئەنسىرىمەيدۇ. دېمەك، توغرا يولدا ياشاش ئەۋلىيالىقنىڭ يولى.

قۇرئان كەرىم دىنىنى «ئىمان ئېيتىش ۋە توغرا مېڭىش» دەپ تونۇشتۇرۇپ: «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دەپ ئىمان ئېيتقان ۋە توغرا يولدا ماڭغانلارغا غەم-قايغۇ ۋە قورقۇنچ يوق» دەيدۇ، (ئەھقاب، 13-ئايەت).

يەنە ئاللاھ:«(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) ئاللاھنىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى،ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»دەيدۇ.(ھۇد، 112-ئايەت)

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، بىر ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، ماڭا باشقىلاردىن قايتا سورىمىسامۇ بولىدىغان پرىنسىپال نەسىھەتتىن بىرنى قىلغان بولسىلا دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ«ئاللاھقا ئىشەندىم دە، (ئەقىدەڭدە مۇستەھكەم تۇر)، ئاندىن توغرا يولدىن چىقىپ كەتمەي ماڭغىن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ھەدىسى ئومۇمىي نەسىھەت. رەسۇلۇللاھ ئىسلامنى ئىككى سۆزگە يىغىنچاقلىغان. ئىسلام ئەقىدە ۋە ئىستىلدىن ئىبارەت. ئەقىدە ساغلام

بولسا، ئىستىل ساغلام بولىدۇ. ئەقىدە بۇزۇلسا، ئىستىل بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەقىدىدە داۋالغۇش بولسا، ئىستىلدىمۇ داۋالغۇش يۈز بېرىدۇ. ئىدىيەدە كاشىلا بولسا، ئەقىدىنىڭ ساغلام بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. دېمەك، ئىسلام:سۆز ۋە ئىش ھەرىكەت، ئەقىدە ۋە ئىستىلدىن ئىبارەت.

«توغرا يول» دىنىنىڭ بارلىق مەزمۇن ۋە مەقسەتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن ئەخلاققا ئالاقىدار سۈپەتلەرنىڭ بىرى. ئىسلام دىنى ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا توغرا يولدا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى،ئىسلام دىنى توغرا يولدا مېڭىشقا چاقىرىدۇ، توغرا يولدا مېڭىشنى ئۇمۇمىي سۈپەتلىرى ۋە خۇسۇسىي شەكىللىرى بىلەن رېئاللىققا ئاشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

«ئىستىقامە» قۇرئان-سۈننەتكە ئەگىشىشنى، شەرىئەتنىڭ روھى ۋە ئۇمۇمىي پرىنسىپال قائىدىلىرىگە خىلاپ ئىدىيىلەردىن ساقلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

توغرا يولدا مېڭىش ئەگرى-بۈگۈر مېڭىشنىڭ قارمۇ-قارشىسى، ئەگرى بۈگۈرلىكتىن خالى بولغان

نەرسىنىڭ ھەممىسى توغرا يول. ئەگرىلىكى بار نەرسە توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەنلىك بولىدۇ.

توغرا يولدا مېڭىش: راستچىللىق، ئىخلاسمەنلىك، قەلبىي پاكىزلىك، ئادالەت، ئىنساپ قىلىش، ۋاپا قىلىش، ئىشەنچىلىك بولۇش، تەڭپۇڭ يول تۇتۇش ۋە ئامانەتنى ئىگىلىرىگە يەتكۈزۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇنداقلا توغرا يولدا بولۇش: يالغانچىلىق، خىيانەت قىلىش، ساختا ئىش قىلىش، ئەخلاقسىزلىق قىلىش، توغرا يولدىن بۇرۇلۇش، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، سۇسلۇق قىلىش، باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش، ئالداش، گوللاش، ھىيلە-مىكىر قىلىش، قويمىچىلىق قىلىش، كۆز بوياش، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق ۋە كىشىلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى تولۇق بەرمەسلىكتىن ساقلىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەدىستە:«شەك بار نەرسىدىن يىراقلىشىپ، شەك يوق نەرسىنى تۇتۇپ ماڭ» دەپ يولیورۇق كەلگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

رەسۇلۇللاھ توغرا يولدا بولۇشنى:«قەلبىڭدە شەك بولۇپ قالغان ۋە كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى

خالىمىغان نەرسىنى قىلماسلىق»دەپ ئىزاھلىغان، (مۇسلىم رىۋايىتى).ئۆزۈڭگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرۈش، ئۆزۈڭگە خالىمىغان نەرسىنى باشقىلارغىمۇ خالىماسلىق، توغرا يولدا ماڭغانلىقتۇر.

توغرا يولدا مېڭىشنىڭ ئەڭ چوڭ مەيدانلىرىنىڭ بىرى ئىدىيە ۋە ئىدىيە مېتودىنىڭ ساغلام بولىشىدۇر. ئىدىيە ئەقلى ۋە ئىلمىي دەلىل پاكىتقا ئەگەشكەندە، دەلىل پاكىتنى تولغىمىغاندا، ئەقىدە روھىدىن ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن چەتنىمىگەندە، شۇنداقلا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمىگەندە ياكى ئىدىيىنى خاتا ئېقىمدىكىلەرنىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرۇپ بەرمىگەندە ئاندىن ساغلام بولىدۇ.دېمەك، ئىدىيىنىڭ ساغلام بولىشى قۇرئان مەقسەتلىرىدىندۇر.

ئىلمىي ئەمگەك ۋە ئىدىيە تەسەۋۋۇرى: توغرا يولدا مېڭىش ئەخلاقىغا بويسۇنۇپ قەلبى پاكىزلىك، سەمىمىيلىك ۋە راستچىللىقتا ئېرىشەلمەيدىكەن، ئۇ چاغدا ئەڭ قەبىھ بۇرۇلۇش، ئېغىر چەتنەش ۋە بەك ئېزىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

ئىدىيىنىڭ ساپ ۋە ساغلام بولۇشىمۇ مۇشۇ ئومۇمىي توغرا يول مېتود قاتارىغا كىرىدۇ. ئەقىدىسى بولسىمۇ، ئىدىيىسى ساغلام بولمىسا، توغرا يولدا دېگىلى بولمايدۇ.

ئىدىيىنىڭ ساغلام بولۇشى مەكتەپتە ئوقۇغانغا، ئاكادېمىيە ئۇسۇلىغا ئەگەشكەنكە ياكى مېتودىنىڭ يېڭى بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس.بەلكى ئەقىدىنىڭ ساغلام بولۇشى،شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە رىئايە قىلىشى، ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ تېپىلىشى ۋە مەنىۋىيىتىنىڭ ساپ بولۇشىغا باغلىق.

دېمەك، توغرا يول ئومۇمىي مۇكەممەل مېتود بولۇپ، پارچىلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا شەرىئەت توغرا يولنى ئومۇمىي ۋە مۇتلەق يوسۇندا تەلەپ قىلدى، شۇنداقلا ھەر ۋاقىتتا توغرا يولنى ئاللاھدىن تىلەشكە بۇيرۇدى.ئىسلام ئىدىيىسى ساپ بولمىغاندا ياكى ئاجىزلاشقاندا سوپىزىملىق، گۇڭگا نەرسىلەر ۋە باشقىلارنىڭ نەرسىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ.

ئىسلام ئەللىرىنىڭ قىيىنچىلىقى ئۇسۇل-چارىلەرنىڭ ئازلىقى بولماستىن، بەلكى ئىدىيە كاشىلىسى ۋە ئۆلۈك ئىدىيىسىدۇر.

توغرا يولدا مېڭىشنىڭ ئاساسى قەلبنىڭ ساغلام بولىشىدۇر.قەلب ساغلام بولسا باشقا ئەزالارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىسلام ئىدىيىسى ياخشىلىقنى سۆيۈش ۋە يامان ئىشلارنى يامان كۆرۈشتىن ئىبارەت بىر نۇقتىغا مەركەزلەشكەن.

سەنئەتچىلەرنى «ئەمىر مۆمىنىن»دەپ رەھبەر قىلىۋالغان ياكى ئىدىيىسى زەھەردەك بۇزۇق، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلىدىغان ئادەملەرنى پەرق ئېتەلمەي«ئىدىيە يېتەكچىسى» دەپ ئۆرنەك قىلىۋالغان ياكى ئىككى يۈزلىمە ۋە ئىدىيىسى پاسسىپلارنى يولباشچى تۇتۇۋالغان ئادەملەرگە نېمە دېگۈلۈك؟!...

# «قىيىنچىلىق بىلەن ئاسانچىلىق بىرگە بار» دېگەن ئايەت ھەققىدە

ھەر قانداق قىيىنچىلىقتا قالغان بولساڭمۇ ئاللاھ ساڭا ھەر قانداق قىيىنچىلىقتا چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ، ھەر قانداق ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، ھاجەتمەن بولساڭ بىھاجەت قىلىدۇ. قىيىنچىلىق مەڭگۈ داۋاملاشمايدۇ، قايغۇ ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ. ئاسانچىلىق ئەسلىي قائىدە، قىيىنچىلىق ئايرىم ھالەت. قىيىنچىلىق ئاز، ئاسانچىلىق كۆپ. دېمەك، سىقىنچىلىق بىلەن ئاسانچىلىق بىللە، كەمبەغەللىك بىلەن بايلىق بىللە، كېسەللىك بىلەن ساغلاملىق بىللە. ئاللاھ بىزنى ئازابلاشتىن بىھاجەت، ئەگەر ئاللاھ بىزگە بىرەر غەم قايغۇنى ئەۋەتسە بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن ۋە بىزنىڭ ئاللاھقا يۈزلىنىشىمىز ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. مانا قارايدىغان بولساق قانچىلىغان كېسەل شۇ ئىنسانىنى ھىدايەتكە باشلاپ بارغان، قانچىلىغان ئېغىر كېسەل ئىگىسىنى تەۋبىگە ئېلىپ بارغان.

دۇنيادا ھەر قانداق چوڭ قىيىنچىلىق بولسۇن، ئۇنىڭ چىقىش يولى بولىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان-گەرچە

پاجىئەلەر ۋە قىيىنچىلىقلار بېسىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ- ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى لازىم.

بۇ ئايەت زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىق ھەر قانچە ئۇزۇن داۋاملاشسىمۇ ھامان بىر كۈنى زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىقنىڭ يوقىلىدىغانلىقى ۋە تاڭ نۇرىنىڭ يورۇيدىغانلىقى توغرىسىدا مۆمىنلەرگە ئىشارەت بەرمەكتە. جەمئىيەت ھاياتىنىڭ ئۆزگىرىشچان بۇ ھالىتى ئىنسان ئەۋلادىنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە ماددى ئەھۋاللىرى بىلەن ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئادەتتە ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەھۋالى غەلىبە قىلىش، مەغلۇب بولۇش، ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە ئارقىغا چېكىنىش ئارىلىقىدا داۋالغۇپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ھايات قانۇنىيىتى ۋە ئومۇمىي بەلگىسى بولغان تۈرلۈك سىناق ئەھۋاللىرى بىلەنمۇ ماس كېلىدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ تەكرارلىنىشى ساھابىلەرنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا قىلدى. بۈيۈك ساھابە ئىبنى مەسئۇد:«ئەگەر قىيىنچىلىق كامارغا كىرىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئاسانچىلىق قىيىنچىلىق بار كامارغا كىرىدۇ»دېگەنىكەن.

ئــايەت قىيىنچىلىققــا يولۇققــان كىشــىلەرنىڭ كــۆڭلىنى خــاتىرجەم قىلىــپ، قىيىنچىلىقنىــڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇش بىشارەت بەرمەكتە.مانا بۇگۈن بىز بۇ ئايەتتىن بىشارەت ئېلىشقا مۇھتاج. چۈنكى كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار مەغلۇبىيەت، زۇلــۇم، بــوزەك قىلىــش ئەھــۋاللىرىنى بېشــىدىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك ۋە شۇملۇنۇش ئۇلارنىــڭ روھىنــى ئىگىلىۋالغــان. كــۆپلىگەن مۇسۇلمانلار هازىرقى شارائىت ۋە ئۆزگىرىشلەرگە ئامال چارىنىڭ يوقلىقىنى هېس قىلىشماقتا، يول توسۇلۇپ قالدى دەپ بوشاپ كەتمەكتە. شۇ سەۋەبتىن هەممە نەرسىدىن: يەنى دوستلارنىڭ ياردەم بەرمەسلىكى، دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەست قىلىشى، ئاتا-بوۋىلارنىڭ سەلبىي مىراسىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ناچــار قىلمىشــلىرىدىن شــىكايەت قىلىشــماقتا. كىرىزىسكە يولۇققان بۇ كىشىلەر تەنقىد نۇرىنى داۋاملىق سىرتقا قارىتىدۇ.خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئەهۋالى ئۆلچەملىك ياخشى، يۈز بېرىۋاتقان مۇسىبەتلەرگە باشقىلار سەۋەبچىدەك ئويلىشىدۇ.

بۇلار بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ شەكلىدىن خالى ئەمەلىي بىر ئىش قىلىشقا ئۆتكەنلىكىنى كۆرسە:

سىزنى بىر ئىش قىلغىلى قويمايدۇ، بالىلىرىڭنى تەربىيلىگىنى قويمايدۇ، چوڭ قەدەم ئېلىشىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ...دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سىپىدۇ. بۇ خىل پاسسىپ روھ بوشاڭلىق، ئىشسىزلىق، هورۇنلۇق ۋە قورقۇنچاقلىقلا ئېلىپ بارىدۇ. بۇلار مەھدىنى كۆتۈپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشىدۇ.

ئىنسانىنى ئۈمىدسىزلىككە باشلايدىغان سەۋەبلەر تۆۋەندىكىچە:

1. پاسسىپ ناچار مائارىپنىڭ تەسىرى:

ئەگەر مائارىپ تۈزۈمى پاسسىپ بولسا جاھاننىڭ تۈزىلىشى توغرىسىدا ئادەمنىڭ قەلبىدە شۈملۈنۈش ۋە ئۈمىدسىزلىك روھىنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئىنسان بىلەن ياشاۋاتقان مۇھىت ئارىلىقىدا دۈشمەنلىك ئۇرۇغىنى چاچىدۇ. ئەگەر بۇ مۇھىت بىلەن ئالاقە سەۋەبلىرى ئۈزۈلۈپ قالسا، يالغۇزلۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرەر ئۆيۈشما ياكى بىرەر يۇرتقا تەۋە بولۇشنى ئىزدەيدۇ. تەكشۈرۈپ كۆرسە ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان نەرسىنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى بىلگەندە ئەتراپىدىكى ھەممە

نەرسىگە ئىشەنچىنى يوقىتىدۇ، نەتىجىدە ھەممە نەرسىدىن شۈمىلىنىش ۋە پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتۇش ھالىتى كۆرۈلىدۇ.

2.رېئاللىق بىلەن قاتمال ھالدا مۇئامىلە قىلىش:

كۆپلىگەن كىشىلەر يۈزەكى قاراشقا مايىل بولۇپ، ھەر قانداق بىر كۆرۈنۈشكە بىرلا سەۋەبنى كۆرىدۇ. بۇ خاتا قاراش مەسىلىنى«ئاساسلىق قىيىنچىلىق» ۋە «ئىككىنچى دەرىجىلىك قىيىنچىلىق» دەپ بۆلەلمەسلىكتەك چوڭ مۇشكۈلگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قىيىنچىلىقنى ئۆزگەرتىشكە ئىقتىدارى يەتمەيدۇ. نەتىجىدە باش ئاخىرى يوق قىيىنچىلىق ئالدىدا ھاڭ-تاڭ قېلىپ قالىدۇ ۋە بېسىمغا باش ئېگىدۇ. ئەگەر بىز بۈگۈن مۇمكىن بولغان ئىشلارنى قىلغان بولساق، بۈگۈنكى مۇرەككەپ ئىشلار ئەتە مۇمكىن ئىشلارغا ئايلانغان بولاتتى.

3.قىيىنچىلىقنىڭ ئىچكى ئامىللىرىغا دىققەت قىلماسلىق:

قىيىنچىلىق ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارغا بويسۇنىدۇ، سىرتقى ئامىلنىڭ تەسىرى چەكلىك

بولىدۇ، ئىچكى ئامىلنىڭ تەسىرى چوڭ بولىدۇ.بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سىرتقى ئامىللارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىچكى ئامىللارغا سەل قارايمىز. ئۆزىنى بىلىش ئەڭ چوڭ كەشپىيات بولغىنىدەك، ئۆزىگە تاقابىل تۇرۇشمۇ بەك تەس.

دېمەك، قىيىنچىلىق بىلەن ئاسانچىلىق بار، ھەر بىر قىيىنچىلىقنىڭ قارنىدا ھەل قىلغۇچ ئاچقۇچى بىرگە بار. بىزدە ئىنتېلېكتنىڭ ئەقلى، ئوپېراتسىيە دوختۇرىنىڭ پىچىقى ۋە ئانىنىڭ ئىچ ئاغرىتىشى بولىدىكەن ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش چارىسى تېپىلىدۇ.

## «ئاللاھ كىمنى ئازدۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا توغرا يول بولمايدۇ»دېگەن ئايەت ھەققىدە

ئاللاھ:«ئاللاھ كىمنى ئازدۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا توغرا يول يوق» دەيدۇ (سۈرە شۇرا، 46-ئايەت).

ئاللاھ كىمنى ئازدۇرغان بولسا، ئۇنى توغرا يولغا باشلىغۇچى بولمايدۇ. ھىدايەت قىلىش ۋە ئازدۇرۇش ئاللاھنىڭ قولىدا، ئىنسان قىلغان ئىشلىرىغا قارىتا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئايەتتە«ئاللاھ ئازدۇرىدۇ»دەپ كەلسە، ئۇ جازالاپ ئازدۇرۇش بولۇپ، ئىختىيارى ئېزىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئاللاھ تائالا-سابىق ئەزەلى ئىلمى بىلەن ئىنساننىڭ قىلماقچى بولغان جىنايەتلىرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن-قايسى بىر ئىنساندىن مۇۋەپپەقىيەتنى توسۇۋەتسە، ئۇ ئىنسان نىجاتلىق يولىنى تاپالمايدۇ.

ئاللاھ ئىمان ۋە ياخشىلىققا تەييارلىقى يوق، گۇناھقا ياتقان ئادەملەرنى ئازدۇرىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنى ھېچكىم ھىدايەت ۋە غەلىبىگە باشلاپ بارالمايدۇ. كائىناتتا ھىدايەت ۋە ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ نەرسە ئاللاھ ئىرادە قىلمىسا يۈز بەرمەيدۇ. ئاللاھ خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بىر ئادەمنىڭ نېمىنى تاللايدىغانلىقى ۋە قانداق گۇناھ ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئادەمگە ئىمان مۇۋەپپەقىيىتىنى بەرمىگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىش يولى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىمان ۋە ھەقىقەت يولىدىن بۇرۇلۇپ ئازغانلار.

***

بۇ ئايەت بەخت-سائادەتنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىگە كۆزىمىزنى ئاچىدۇ. يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن يىراق ھالدا نىجاتلىق يولىنى ئىزدەشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئىزاھلىماقتا.

ئايەت ھىدايەت يولىنىڭ پەقەت بىرلا يول ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىيەتنىڭ مۇشۇ بىرلا يولنى مېڭىشى كېرەكلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرمەكتە. ئىنسانىيەت مۇشۇ يولدىن چەتنىگەندە باشقا غەلىبە ۋە نىجاتلىق يولى بولمايدۇ.

ئايەتنىڭ مەنىسى: ئاللاھ كىمنى ئازدۇرغان بولسا، ئۇنى دۇنيادا ھەقىقەتكە، ئاخىرەتتە جەننەتكە يەتكۈزىدىغان يول يوق، چۈنكى ئۇ ئادەمگە ھىدايەت يوللىرى ئېتىلدى، دېمەكچى.

ئازغۇن ئادەم كۆپ يول تاپىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ تاپقان يوللىرىنىڭ ھەممىسى ئارزۇسىغا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئايەتنىڭ بۇ مەزمۇنىنى ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدىن چۈشەنگىلى بولىدۇ:«مۇشۇلا توغرا يول، مۇشۇ يولغىلا ئەگىشىپ مېڭىڭلار. ئۇنىڭدىن باشقا يوللارغا ئەگەشمەڭلار، باشقا يوللار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان ۋەسىيىتى، مۇشۇ ۋەسىيەت بويىچە ماڭساڭلار تەقۋا بولىسىلەر» دەيدۇ.(ئەنئام سۈرىسى، 153 ـ ئايەت).

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا كۆپلىگەن ئىمكانىيەتلەر ۋە كۆپلىگەن ھەرىكەت يۆنىلىشلىرى تېپىلىدۇ. لېكىن

ھىدايەت تېپىلمىسا، بۇ ئىمكانىيەتلەر ئىنسانىيەتكە ئاپەتكە ئايلىنىدۇ، ھازىر بولۇۋاتقان ئىش دەل بۇنىڭ ئۆزى.

ئىنسانىيەت رېئاللىقىدا كەشپىيات، تېخنىكا ۋە ئىنتىزام ساھەلىرىدە ئاجايىپ زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بىراق كىشىلەر روھى، مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيەتلىرىدە راھەت ۋاستىلىرىنىڭ تولۇق تېپىلىشىنى ئۈمىد قىلماقتا.ئەپسۇسكى،بۇ ئۈمىد رېئاللىقتا ئاشمىدى.

ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە كىشىلەر ھەر قانچە كۈچلىرىنى سەرپ قىلىپ، بىر قانچە مېتودلارنى كەشىپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاخىرقى غايىسىنى بەلگىلەشكە قادىر بولالمىدى ھەم بولالمايدۇ.

ئىنسان ئەقلى-گەرچە زور ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولسىمۇ-مەۋجۇدىيەتكە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغاندا ئەقىلنىڭ ۋەزىپىسى ئىجرائىيە مۇدىرىنىڭ ۋەزىپىسىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەقىل ھايات سەپىرىنىڭ نىشانى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ. نىشان ۋە يۆنىلىش بەلگىلەش يېتەكچى رەھبەرنىڭ ۋەزىپىسى،

يېتەكچى رەھبەر خاتالىقتىن خالى بولغان«ئىلاھى هايات مېتودى»دا مۇجەسسەملىشىدۇ. 20-ئەسىرنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى ئەينىشتىن (ھەزارىتىمىز تولۇق سايمانلارغا ئىگە، لېكىن چوڭ نىشانلار ئېنىقسىز غۇۋا بولماقتا) دېگەنىكەن.

ئىلىم-پەن «ئالەم»نى ياخشى تونۇش شارائىتىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا ۋاستە-چارىلەر، قولايلىق ئىمكانىيەتلەر توغرىسىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەققىدە يولنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.ئەمما «ئىمان»ھاياتىمىزنىڭ «مەنىلىك ھايات»بولۇشى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇ مەۋجۇتلۇق، قىممەت-قاراش، ئۇمىد سەۋەبلىرى ۋە خىزمەت يوللىرى ھەققىدە بىزگە غايە تەقدىم قىلالايدۇ.

ئىسلام ئۇممىتى ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن ھىدايەت ۋە ئاللاھنىڭ يولىنى بىلىش نېمىتى ئىچىدە ياشىماقتا. بۇ نېمەت مۇسۇلمانلارغا بىر خىل ئالاھىدىلىكنى يارىتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىرىنى يەڭگىللىتىپ بېرىدۇ. مانا قارايدىغان بولساق ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ئۆزىنى

ئۆلتۇرۇۋالىدىغان ئىشلار مەۋجۇد ئەمەس، تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئۆزىنى ئۆلتۇرۇۋالىدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

نەتىجە شۇنداق بولسىمۇ، كۆپلىگەن مۇسۇلمان-لاردىكى ئاڭسىزلىق تۈپەيلى سۈننىي ھەمراھىنىڭ تەسىرىدە مۇسۇلمانلار پرىنسىپال مەدەنىيتىدىن چەتنىمەكتە...

ھەر ساھە زىيالىيلىرى بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى ۋە ئاللاھغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى كېرەك. «مەدەنىيەت» دېگەن پەقەتلا يۈز ئابروي مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى «يېتەكچىلىك ۋە مەسئۇلىيەت روھى»دىن ئىبارەت.

# «ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇپ قاپتى، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇردى» دېگەن ئايەت ھەققىدە

ئاللاھ:«سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر»دەيدۇ،(ھەشىر سۈرىسى، 19-ئايەت)

بۇ ئايەت بىزگە مەۋجۇتلۇق ھەقىقەتلىرىدىن چوڭ بىر ھەقىقەتنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئومۇمىي مەسىلىلىرىمىزنى ئېنىق چۈشىنىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

ئايەتنىڭ مەنىسىگە قارىساق ئاللاھنى ئۇنتۇش ئىككى سەۋىيە بويىچە بولىدۇ:

1.مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ياراتقۇچىسىغا قارىتا ھېس تۇيغۇسىنىڭ دۆتلىشىپ كەتكەنلىكى:

ئـاللاھنى ياخشـى كـۆرۈش ۋە ئـۇنى تونۇغانلىقتا خۇرسـەن بولـۇش باسـقۇچىغا يېتىـپ بېـرىش ئۇچـۇن ئاللاھنى كۆپ زىكىـر قىلىشـقا تەشـەببۇس قىلىـدىغان كـۆپلىگەن ئـايەت ۋە ھەدىسـلەرنى ئۇچرىتىمىز.قۇرئـان كەرىم«ئاللاھنى زىكىر قىلىش ھەممىدىن كاتتا» دەيدۇ (سۈرە ئەنكەبۇت 45ـ ئايەت).

رەسـۇلۇللاھ«ياراتقۇچىسـىنى زىكىـر قىلىـدىغان مۇسـۇلمان بىـلەن زىكىـر قىلمايـدىغان مۇسـۇلماننىڭ مىسالى ھايات ئـادەم بىـلەن ئۆلـۈك ئـادەمگە ئوخشـايدۇ» دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

ئـاللاھنى كـۆپ ئەسـلەش مۇسـۇلماننىڭ ئېڭىـدا ئاللاھدىن ھايا قىلىشنى، ئۇنى سۆيۈشـنى ۋە ئـۇنى رازى قىلىـش ئۇچـۇن روھلـۇق بولىشـىنى شـەكىللەندۈرىدۇ. شـۇنداقلا مۇسـۇلماننىڭ قەلبىنـى خـاتىرجەملىككە ۋە بەختكە تولدۇرىدۇ.

«ئىـدىيە» يۆنىلىشـىنى سـىزىپ بېرەلەيـدۇ ۋە ھەرىكەت قىلىش ئۇچـۇن ئەڭ تـوغرا يولغـا يېتەكلەيـدۇ. لېكىن ئېنېرگىيە، جۇشقۇنلۇق ۋە پولاتتەك ئىرادىنىڭ مەنبەسى بولالمايدۇ. ئـاللاھ بىـلەن بولغـان مۇناسـىۋەت ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ مېغىزى.

مۇسۇلمان بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ھېس قىلىۋاتقان قىيىنچىلىق قىممەت-قاراش بىلەن ئىستىلىنىڭ ئارىسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن كېلىپ چىققان. سەۋەب، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئىمان كەلتۈرۈۋاتقان مېتودنىڭ ساھەلىرىگە يۇقىرى ئۆرلەشكە قارىتا تۈيغۇسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان. مۇسۇلماننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئىمان تۈيغۇلىرى قۇرۇپ كەتسە ئاجىزلىق پەيدا بولىدۇ.

بۈگۈنكى ھارام شەھۋەت ۋە ئىنساننى ئازدۇرۇپ كېتىدىغان دولقۇنلارغا كۈچلۈك روھى دولقۇن بولمىسا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ۋە دەۋەتچىلەر ياشلارنىڭ ھاياتىنى روھى ئىشلار-بولۇپمۇ زىكىر ئېيتىش-بىلەن ئاۋات قىلىشى كېرەك.

بۈگۈنكى دەۋەت ساھەسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر بۆلەك تەشۋىقاتچىلارغا قارىساق كىشىلەرگە پايدا يەتكۈزۈشتەك ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، بىراق زىكىردىن يىراق ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ روھى تەرىپى قۇرۇپ كەتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە

ياخشى پائالىيەتلەر تەسىرىنى يوقاتقان ۋە نىشانىغا يېتەلمىگەن.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر قۇرۇلمىسى ئاللاھنى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئاساسىغا مەركەزلەشكەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىدىكى «تۇيغۇ» كۈچىنى يوقاتسا زېمىنىنى گۈللەندۈرۈشتە ھەرىكەت قىلمايدۇ. ھەرىكەت قىلغان تەقدىردىمۇ قىلغان ئىشلىرىدا ئالاھىدە پەرق بولمايدۇ، نەتىجىدە ئېگىز-پەس دەسسەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

2. ئاللاھنى ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ ئىككىنچى سەۋىيىسى ھايات ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ تەلىماتىدىن يىراق ھالدا پىلان تۈزۈشتە كۆرۈنىدۇ:

ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنتۇش چوڭ ئۇنتۇشتىن ئىبارەت. بۈگۈنكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ رېئاللىقىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا ئاللاھ بۇيرۇغان مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئىجرا قىلىدىغان ۋە ھارام ئىشلارنى تەلتۆكۈس قىلمايدىغان كىشىلەرنى ئاز نىسبەتتە ئۇچرىتىمىز. ئىسلامنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە قىممەت-

قاراشلىرىدىن بىر قانچىسى ئىستىلنى تۈزىتىش ۋە مەيدان شەكىللەندۈرۈشتە تەسىرىنى يوقاتماقتا.

خېلى ياخشى دەپ قارىلىدىغان كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزلىرىدە ئاللاھنى ۋە ئاخىرەتنى سەممىي ئەسلەشكە ئالاقىدار ئىلغار روھنى ياكى ئۇلارنىڭ بۇ دىنىنىڭ پرىنسىپلىرى بىلەن تەسىرلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەرسىلەرنى تاپقىلى بولمايۋاتىدۇ.

مانا بۇ ئەخلاق، تەربىيە ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى سەلبىي تەرەققىياتنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، كەلگۈسى مۇسۇلمان ئەۋلادلارنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك پاسسىپ تەسىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئايەت كەرىمە ئاللاھنى ئۇنتۇپ قېلىشنى ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ بىۋاستە سەۋەبى دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى. ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنيا-ئاخىرىتىنى زايە قىلىۋېتىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قېلىشى بىر دەرىجىدە ئوخشاش بولمايدۇ، كىشىلەرگە كېلىدىغان زىيانمۇ تۈرلۈك بولىدۇ. ئىنسان ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىنى قانچىلىك ئۇنتۇپ قالسا، ئۆزىنى، دۇنيالىقىنى ۋە ئاخىرەتلىكىنى شۇنچىلىك ئۇنتۇپ قالىدۇ.

ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالغاندىغان كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتە زىيان تارتىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئېنىق، ئۇنى ھەممەيلەن بىلەلەيدۇ. لېكىن دۇنيالىقنى زايە قىلىۋېتىشنى بىر ئاز بايان قىلىش لازىم. بۇنى ئىككى نۇقتىدا روشەنلەشتۈرىمىز:

بىرىنچى: بىز ياشاۋاتقان مەلۇمات دەۋرى ھەزارەت دەۋرلىرىنىڭ ئەڭ قىسقىسى بولۇپ، پات ئارىدا پەلسەپە ۋە پرىنسىپال مەسىلىلەرنى ئىزدىنىدىغان باشقا دەۋر يېتىپ كېلىدۇ. بىز نەدىن كەلدۇق؟ نېمە ئۈچۈن يارىتىلدۇق؟ نەگە بارىمىز؟ ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ دائىرىسى قانچىلىك؟ ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ دېگەندەك چوڭ سوئاللار دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ.

تارىخى باسقۇچلارغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، بىر نەرسە يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندە، ئىنسان تەبىئىيتىدىن ئۇنىڭ قارشىسى بولغان بىر نەرسە ئاشكارا بولىدۇ. بىر ئۈممەتتىكى ئاقىلانىلىق ياكى تېخنىكا كۆچەيگەندە، ئۇنى سۇندۇرىدىغان سېغىنىشلار پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. بۇ ئاللاھ كائىناتتا ياراتقان تەكشۈلۈق قانۇنىيەت كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرسى.

ئىنسانىيەت مۇشۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالغانلار چوڭ سوئاللارغا ھېچقانداق كەسكىن جاۋابقا ئىگە ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ، تەرەققىي قىلغان بەزى ئەللەر مۇشۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدىغان بىردىن بىر مەنبە بولغان ۋەھىيگە قايتىش كېمىسىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

ئىقتىساد ۋە باشقا ساھەلەردىكى ھەر قانداق ئىسلاھات ئىنسانغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ، ئىنسان نۇقتىسىدا تەرەققىيات يۈز بەرمەيدىكەن ھەممە نەرسە بوراندا ئۇچۇپ كېتىدۇ. ماتېرىيالىزم خاراكتېرىدىكى يېڭى ماددى ھەزارەت تىزگىنلەش مەيدانىنى ئىنساندىن نەرسىلەرگە يۆتكىدى. نەتىجىدە ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئورىۋالدى. دېمەك، غەرب ھەزارىتى ھازىرقى قۇرۇلمىسى بىلەن ئىنساننى تەرەققى قىلدۇرۇش لاياقىتىگە ئىگە ئەمەس. ئەگەر بىز ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىيتى بىر دەپ قارايدىغان بولساق، بۇ دېگەنلىك مەۋجۇد بولۇش غايىلىرىنىڭمۇ

بىر بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مانا بۇ ۋەھىيىنىڭ پەلسەپىسى.

ياراتقۇچىنىڭ ياردىمىسىز ئىنسان روھى ۋە جىسمانىي تەلەپلىرىنىڭ ئارىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرالمايدۇ. ئاللاھنى ئۇنتۇپ قېلىش ئىنسانىيەت قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى.

ئىككىنچى: پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ياراتقۇچىسىغا قارىتا تېگىشلىك ئىشلارنى كۆرسىتىپ قويۇش ۋە ئاخىرەتنى ئەسلىتىپ قويۇش.

ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالغان ئەقىلنىڭ خاپىلىق تارتىدىغان ۋاقتى تېخى يېتىپ كەلمىدى.ئىقتىسادى تەرەققىيات يۇقىرى چەككە يېتىپ، ئىشسىزلىق ئاۋۇپ،جاپالىق تۇرمۇش كۆپىيىپ كەتسە، ئاللاھنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ قۇتۇلۇش يولىغا قايتىشى ئۈچۈن تەلتۆكۈس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنىڭ كېرەكلىكىنى كۆرىدۇ.

ئىنساننىڭ يارىتىلىشتىكى چوڭ غايىسى ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن يورۇمىسا، ھەزارەت نەتىجىلىرى، شەخسلەرنىڭ بەخت سائادىتى ۋە ھەزارەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىرلىكى ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

## «ئەگەر سەۋر قىلىپ، ئاللاھدىن قورقساڭلار، دۈشمەنلەر زىيان بېرەلمەيدۇ» دېگەن ئايەت ھەققىدە

ئاللاھ:«ئەگەر سەۋر قىلىپ، ئاللاھدىن قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلە مىكرى سىلەرگە ھېچقانداق زىيان بېرەلمەيدۇ»دەيدۇ، (ئال ئىمران، 120ـ ئايەت).

مۇسۇلمانلارنىڭ دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن تۈرلۈك ئەزىيەتكە ئۇچرايدىغانلىقى كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ قاتارىدىن. ئاللاھ مۇسۇلمانغا شەرتلىك خىتاب قىلىپ:سەۋر قىلساڭلار ۋە تەقۋا بولساڭلار دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايسىلەر، ئۇلارنىڭ پىلانىنى يەر بىلەن يەكسان قىلالايسىلەر، دەيدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ سۆزى.

ئەگەر مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئايەتكە ئەمەل قىلسا نەتىجە قازىنىدۇ،غەلىبە قىلىدۇ،تەرەققى قىلىدۇ،بىرلىشىدۇ، دىنى ساغلام بولىدۇ ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرى خاتىرجەم بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىسلام ئۈممىتىنى پەرۋىش قىلىشى، بۇ ئۈممەتكە ئەزىيەت ۋە خاپىلىق يەتمەيدۇ، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتىگە زىت. بەلكى ئۈممەت ئەزىيەتكە يولۇقسىمۇ، ئاخىردا غەلىبە قىلىدۇ، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئورۇنلاش ۋە ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىنى ئىجرا قىلىشتا سەۋرچان بولۇشقا، شۇنداقلا ـ دۈشمەنلەرنى دوست تۇتۇشقا ئوخشاش ـ ئاللاھ توسقان ۋە چەكلىگەن ئىشلاردىن يېنىشتا تەقۋا بولۇشقا تەشەببۇس قىلماقتا. ئايەتنىڭ باش قىسمىغا چوڭقۇر نەزەر تاشلاڭ.

ئايەت كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە قارىتا مۇسۇلمانلارغا ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش چارىسىنى دەپ بەردى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىشقا كۆرسەتمە بەردى. دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلىسىدىن ساقلىنىشنىڭ چارىسى «سەۋر قىلىش ۋە تەقۋا بولۇش»، يەنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىش ۋە خىلاپلىق قىلىشتىن ساقلىنىشتۇر.

ئەگەر مۇسۇلمانلار شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئادا قىلىش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا سەۋر قىلالىسا، ئۇ چاغدا دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلىسى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. دېمەك، «سەۋر بىلەن تەقۋالىق»دۈشمەنلەردىن غەلىبە قىلىشنىڭ شەرتى. ئايەتنى تەپەككۇر قىلىڭ، سەۋر قىلىش ۋە تەقۋالىق كوللېكتىپ شەكىلدە پەيدا بولىشى شەرت.

***

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئىسلام ئۇممىتى پرىنسىپ، چۈشەنچە ۋە نىشان سەۋىيسىدە ئالاھىدە بولسىمۇ، تەرەققى قىلغان مىللەتلەر ئارىسىدا ھەقىقىي غۇربەتچىلىك ھېس قىلماقتا. باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ كارۋىنىدا مېڭىشنى رەت قىلىش تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ماددىي ۋە مەنىۋى بېسىملارنى سۆرەپ كەلدى.

ئىسلام پەلسەپىسىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا سىرتنىڭ بېسىمىغا ۋە رىقابىتىگە قارشى تۇرۇشنىڭ توغرا ئۇسۇلى باشقىلارغا «رەددىيە بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەسلىكى» روشەن مەسىلە. رەددىيە بېرىش بىلەن شۇغۇللىنىش زىيانلىق جەڭگە سۆرەپ

كىرىشى مۇمكىن. سىرتنىڭ بېسىمىغا ۋە رىقابىتىگە قارشى تۇرۇشنىڭ تۇغرا ئۇسۇلى«ئىچكى جەھەتتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، قەلبىنى پاكلاش ۋە ئۆزىنى يۆلەشكە مەركەزلەشتۈرۈش»تە نامايەن بولىدۇ. بىراق بۇ جاپالىق تەس بىر ئىش، چۈنكى بۇ ئىنساننى ئۆزىنى تەنقىد قىلىدىغان ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرىدىغان قىلىپ قويىدۇ، يەنى ئىنساننى بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تاش ۋە ئويمىچى قىلىپ قويىدۇ.

بۇ ئايەت كەرىمە باشتا «ئىچكى جەھەتتىن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشقا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش»تە جانلىق كۆرسەتمە بەرمەكتە:

1.قۇرئان كەرىمنىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىگە قارىساق سىرتنىڭ بېسىمىغا ۋە رىقابىتىگە قارشى تۇرۇشنىڭ تۇغرا ئۇسۇلى«ئۆزىنىتەكشۈرۈش، ئۆزىنى تۈزىتىش ۋە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش»قا قارىتىدۇ. ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ ۋەقەلىكىدىكى قۇرئان كەرىمنىڭ مېتودىغا نەزەر تاشلىغان كىشى، ئىلگىرىكى مىللەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىدىن يۈز ئۆرۈشتەك «ئىچكى

جەھەتتىكى نۇقسان» تەرەپلىرىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ.

قايسى بىر نەرسىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى «مېتودنىڭ توغرىلىقى»غا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. مانا ئىسلام تارىخىدا يۈز بەرگەنئۇھۇد ئۇرۇشىغاقارىسىڭىز مەغلۇبىيەت ئىچكى نۇقسان سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن. مەغلۇبىيەت دۈشمەننىڭ كۆپلۈكى، سانى ۋە قورال ياراغنىڭ كۆپلۈكىدىن بولمىغان.

2. ئايەت كەرىمە ئۆزىنى يۆلەش ۋە كۈچلەندۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرمەكتە. يەنى مۇسۇلمانغا شارائىت ھەر قانچە يامانلىشىپ كەتسىمۇ، مۇسۇلمان ئۆزىنى تۈزىشى ۋە ئەھۋالىنى ياخشىلىشى كېرەك.

شارائىت ناچارلاشقاندا ئىنساننىڭمۇ ئەسكىلىشىپ كېتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. شۇ سەۋەبتىنقاتتىق كەمبەغەللىك ھالەتلىرىدە:ئوغۇرلۇق، پارىخورلۇق، تىلەمچىلىك، خورلۇق، ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق ۋە بېخىللىقتەك ئەخلاقسىزلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. مانا مۇشۇنداق شارائىت يۈز بەرگەندە-شۇئىرغاننىڭ ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن- مۇسۇلمان ئەركەكلىك روھى بىلەن «ئۆزىگە بېسىم

قىلىشى، ئىستىلىنى شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئىقتىسادچان بولىشى ياكى بەزى ئارزۇلىرىنى كېچىكتۈرۈشى» كېرەك.

رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە مىسال تەرىقىسىدە كۆرسەتمە بېرىپ:«قايسى بىرىڭلارنىڭ ھەر جەھەتتىن كۆچى يەتسە توي قىلسۇن... كۆچى يەتمىسە روزا تۇتسۇن، روزا شەھۋەتنى باسىدۇ» دېگەنىدى، (بۇخارى رىۋايىتى).

تارىخ بويى بۇ ھەقىقەتكە قارىتا يېتەرلىك ئاڭغا ئىگە بولالمىدۇق.«تەلىم-تەربىيە، كۆرسەتمە بېرىش، يۆلەش، كۆيۈنۈش، ياخشى ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە قىيىنچىلىقلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش» ئورنىغا؛ ئىجتىمائىي بۇزۇلۇش ۋە ئىستىلى بۇرۇلۇشقا «كۆچ-قۇۋۋەت ۋە كۆپ قانۇن يولغا قويۇش» ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇپ كەلدۇق. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بۇ ھەقىقەتنى ئىپادىلەپ:«كىشىلەردە بۇزۇقچىلىق قانچە كۆپ كۆرۈنسە، مەسىلىمۇ شۇنچە پەيدا بولىدۇ» دېگەنىكەن.

كۆچ-قۇۋۋەتكە تايىنىپ مەسىلە ھەل قىلىش مېدىتسىنا ساھەسىدىكى ئوپېراتسىيە ئارقىلىق ھەل قىلىش چارىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.ئوپېراتسىيە قىلىش

ھەل قىلىش چارىلىرىنىڭ ئاخىرقىسى.كۆچكە تايىنىپ مەسىلە ھەل قىلغاندا كۆچ ئىستىمال قىلىش بەك تار دائىرىدە بولۇشى لازىم.

كەسكىن جازا جەمئىيەت قۇرۇپ چىقالمايدۇ، پەقەت قوغدىيالايدۇ. مانا بۇ ئىسلامنىڭ كۆز-قارىشى. چۈنكى كەسكىن جازا قۇرئان كەرىمدە كەلگەن ئايەتلەرنىڭ % 10 دىن ئارتۇق نىسبەتنى ئىگىلىمەيدۇ. باشقا ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى«ئىنسانىنى ئىچكى جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيلەش»نى نىشان قىلىدۇ.

ئېغىر جازالاش مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ، بەلكى ھەل قىلىشنى كېچىكتۈرۈۋېتىدۇ. ئايەت كەرىمگە نەزەر تاشلىساق، (دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالىغان مىللەتنىڭ كۆپ ئەزالىرى دەسلەپتە «ئىچكى جەھەتتىن غەلىبە قىلالىغان» مىللەت)، دەپ تەلىم بەرمەكتە.

مەزكۇر ئايەت كەرىمە سەۋر قىلىش ۋە تەقۋا بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشقا يۈزلەندۈرمەكتە.

<u>سەۋر قىلىش</u> : شارائىت قانداق بولۇشتىن
قەتئىينەزەر مۇشەققەتكە چىداش ۋە ئىلاھىي
كۆرسەتمىلەرنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش دېمەكتۇر.
چۈنكى سەۋر قىلىش غەلىبىنىڭ يېرىمى. غەلىبىنىڭ
يېرىمى ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن
كۈچىمىزدىن كېلىدۇ. غەلىبىنىڭ قالغان يېرىمى
دۈشمەنلەرنىڭ خاتالىقىدىن كېلىدۇ.

سەۋر قىلىش دېگەن ناچار شارائىتقا ۋە يامان
ئەھۋاللارغا تەسلىم بولۇش دېگەننى كۆرسەتمەيدۇ،ئۇ
«تىز ھەل قىلىش چارىسى»غا تايانماسلىقنى
كۆرسىتىدۇ. «تىز ھەل قىلىش» كۆپىنچە ئەھۋاللاردا
ئۈمىدسىزلىك، ئالدىراڭغۇلۇق ۋە ئۆزىنى تۇتالماسلىققا
ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە مەسىلىنى ھەل قىلغاندىن
بەكرەك تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ھازىرلا
قۇتۇلالمىغان ۋەزىيەتلەردىن ۋاقىتنى ئىشقا سېلىپ
سەۋر قىلىش ئارقىلىق قۇتۇلغىلى بولىدۇ.

قىيىن ۋە تەس شارائىتلاردىن قۇتۇلۇشتا ھەرىكەت
قىلىش بىلەن بىرگە سەۋرنىڭ تېپىلىشىقۇرئان كەرىم
تەشەببۇس قىلغان زۆرۈر بىر ھەقىقەت. ئاللاھ
تائالا:«ئې مۆمىنلەر سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق

ياردەم تەلەپ قىلىڭلار. ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر» دەيدۇ، (بەقەرە سۈرىسى، 153-ئايەت).

«سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلاردىن ھېچ بىر گۇناھكار ياكى كاپىرغا بويسۇنمىغىن» (ئىنسان سۈرىسى، 24- ئايەت).

«سەۋر قىلغان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ۋە كاتتا مۇكاپات بېرىلىدۇ» (ھۇد سۈرىسى، 12-ئايەت).

دېمەك، بۇ ئايەتكە قارىساق ياخشى ئەمەل قىلىشتىن ئىلگىرى «سەۋر قىلىش» لازىم، بولمىسا ياخشى ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ، دەيدۇ.

خاپىلىقنىڭ سەۋەبلىرىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلماي جاپا تارتىش ئۇمىدسىزلىكنىڭ ۋە تەسلىم بولۇشنىڭ بىر تۈرى بولىشى مۇمكىن. شۇنداقلا ئاجىزلىق، نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقى ياكى تەپەككۇرنىڭ تارلىقى بولىشىمۇ مۇمكىن. .. بۇ ئىشلاردىن ئاللاھ ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ.

ئەمما تەقۋالىق: دېگىنىمىز ئەتراپىدىكى ناچار يامان مۇھىتتىن تەسىرلىنىشتىن ئىچكى جەھەتتىن قوغدىنىشنىڭ ئاساسلىق بىر تۈرىنى كۆرسىتىدۇ. پرىنسىپ، ئەخلاق، قەلب ۋە ئىستىلغا تەسىر يەتكۈزمىگەن ھەر قانداق مەغلۇبىيەتلەرنىڭ زىيىنى چەكلىك بولىدۇ، بەلكى قارشىلىق روھىنى ئاشۇرىدۇ، تەجرىبە ئاتا قىلىدۇ. ئىچكى قۇرۇلمىدىكى بوش ۋە يۇمشاق تەرەپلەرنى ئېچىپ بېرىدۇ ۋە دۈشمەننىڭ كۆڭۈلدىكى ئورنىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ. ئىنساندا مەنىۋى ۋە ھېس-تۇيغۇ جەھەتتىن سىلكىنىش پەيدا بولسا ھەر قانداق خاپىلىقلاردىن ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ.

دېمەك، بۇ ئايەتتىكى سەۋر قىلىش بىلەن تەقۋالىقنىڭ ئاساسلىق ئۇقۇمى: «ئۆزىنى پاكلاش، ئۆزىنى تۈزەش ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»دىن ئىبارەت.

ئۆزىنى جانلاندۇرۇش تۈرلۈك شەكىللەردە نامايەن بولىدۇ. مەسىلەن، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە چىڭ ئېسىلىپ مېڭىش، ھارام شەھۋەتلىرىگە باش ئەگمەسلىك،ئۆزىنى قايتا تەكشۈرۈش، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش ۋە غەمخورلۇق قىلىش، ئىقتىسادنى

ياخشى باشقۇرۇش ۋە ئىقتىسادچان بولۇش...قا ئوخشاش ئىشلار.دېمەك، كۆپ كىتاب ئوقۇش، دائىم كەلگۈسىگە ئوچۇق ئەقىل بىلەن قاراش، باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ياخشىلاش، ياخشى ئىشلارنى ۋە نەپلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش... سەل قاراش، ۋەدىسىزلىك قىلىش، بۇگۈنكى ئىشنى ئارقىغا سۈرۈشتەك پاسسىپ ناچار ئادەتلەردىن مۇمكىن قەدەر ساقلىنىشقا ئوخشاش يېڭى ئادەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش دېمەكتۇر.

ئىسلام خىتابى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ھەر قانداق ئەھۋالدا «ئۆزىنى تۈزەش ۋە ياخشىلاش»قا مەركەزلىشىدۇ، ئومۇمىي شارائىتنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتا ئاز توختىلىدۇ. ئىسلام خىتابى مۇسۇلماننىڭ ياخشى ئادەم بولىشى، ئىستىلىنىڭ تۈزىلىشى ۋە يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈشىنى تەكىتلەيدۇ.

مۇسۇلماننىڭ شەخسى ھايات سەۋىيىسىنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنۇشى زۆرۈر بولغاندەك، ئومۇمىي مۇھىت ۋە شارائىتنى ياخشىلاشقا كۆڭۈل بۆلۈشىمۇ مۇھىم.

## (تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن تۈرلۈك مىللەت قىلىپ ياراتتۇق)دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئاللاھ قۇرئاندا:«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»دەيدۇ. (ھوجۇرات سۈرىسى، 13- ئايەت).

بۇ ئايەت دۇنياغا رەھمەت، ئادالەت، باراۋەرلىك، ھىدايەت، تىنىچلىق ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ دۇنياۋى دەۋەت ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرمەكتە. شۇنداقلا ئىنسانىيەت بىرلىكى ئادالەت ۋە تەقۋالىق سايىسىدا ياخشىلىق ۋە تەرەققىياتنى رېئاللىققا ئاشۇرۇش ئۈچۈن

ئىنسانلار ھاياتىدا ھەمكارلىق، چىقىشىپ ياشاش ۋە تاكامۇللىۇقنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىمەكتە. ئىسلام دىنى بارلىق ئىنسانلار ئارىسىدا دۇنياۋى بىرلىك ۋە ئورتاقلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويماقتا.

بۇ ئايەت ھۆرمەتتىكى باراۋەرلىك، مۇئامىلىدىكى ئادالەت ۋە ئۆز-ئارا مەنپەئەت ئالماشتۇرۇش ئىچىدە بارلىق ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلىپ ئىنسان ئەسلىنىڭ بىرلىكىنى ئەسلەتمەكتە. قايسى زامان ياكى قايسى ماكاندا ياشىسۇن، قانداق مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باشقىلارغا ئۈستۈنلۈك قىلىش خىياللىرىنى ئىنكار قىلماقتا. شۇنداقلا كائىناتنىڭ ئەركەك ۋە چىشىلىقتىن ئىبارەت قانۇنىيەت ئۈستىدە شەكىللەنگەنلىكىنى ئەسلەتمەكتە. شۇڭا ئىنسان كائىنات قانۇنىيىتى بويىچە جۈپ ۋە ھەمكارلىق ئىچىدە ياشايدۇ.

«تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق» دېگەن ئايەت ئىنسانىنىڭ ئىرقى، ئىجتىمائىي ۋە تارىخى جەھەتتىن تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرمەكتە. ئىنسانلارنىڭ تىل، رەڭ ۋە ئىرقى جەھەتتىن تۈرلۈك بولغانلىقى

دىن، ئېقىم، كۆز-قاراش، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ۋە مائارىپ جەھەتتىن تۈرلۈك بولىشىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەت. خىلمۇ-خىل خەلقنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن تۈرلۈك خەلقلەر ئارىسىدا ھەمكارلىشىش مۇھىم. مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، ھېچقانداق بىر مەخلۇق ئاللاھنىڭ بۇ ئىرادىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە قانداقمۇ پېتىنالىسۇن!.

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان«تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن» دېگەن سۆز ئىنسانلار ئارىسىدا ياخشى ئالاقە تۇرغۇزۇش، ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىش ۋە چىقىشىپ ياشاش دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. ئۆز-ئارا تونۇشۇش چىقىشىپ ياشاش، ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

«تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن»دېگەن ئايەت زېمىننى گۈللەندۈرۈش، زېمىننىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە ماسلاشقان گۈزەل مۇھىتنىڭ ھاسىل بولىشى ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ ماددىي، مەنىۋى، مەرىپەت ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن شەكىللىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

«تونۇشۇشۇڭلار ئۇچۇن»دېگەن ئايەت مەدەنىيەتلەر توقۇنۇش ئەمەس، يوقىتىش، ئۇستۇنلۇك قىلىش كۆز-قارىشىنى تۈگىتىش، مۇئامىلىدە قوش بىسلىق ئۆلچەمسىلىك ۋە پەزىلەتنى مۇئەييەن بىر رايوندا مونوپول قىلىۋالماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

تونۇشۇش: باشقىلارغا دۈشمەن مەيداندا تۇرۇش، پاسسىپ مەيداندا تۇرۇش ياكى توقۇنۇش پەيدا قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. بېكىنمىچىلىك قىلىشمۇ ئەمەس، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ كۆز-قاراشلىرىدا ئېرىپ تۈگەپ كېتىشمۇ ئەمەس.

تونۇشۇش ئۇچۇن خىلمۇ-خىل بولۇشنى ئېتىراپ قىلىش، باشقىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، سالاھىيىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ھۆرمەتلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىلىم-مەرىپەتلەرنى ئالماشتۇرۇش ھاياتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى مۇشكۇللىرىگە ھەمكارلىشىشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى بىلىم- مەرىپەت ۋە مەلۇمات ئىنسانىي ئورتاقلىقتا ئىگە. تونۇشۇش مەدەنىيەتلەر ئارا ھەمكارلىشىش، مەرىپەت ۋە ھەمكارلىقتا ئۆز-ئارا ماسلىشىش، ئەمدىيە ئېقىملىرىدىن پايدىلىنىش ۋە مىللەتلەر ئارا يار يۆلەكتە بولۇش دېمەكتۇر.

دۇنيا تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر سورۇنىدىن ئىبارەت. تۈرلۈك مەدەنىيەتلەردە ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىشقا بولىدىغان «ئومۇمىي ئىنسانىي ئورتاقلىق» رايونى تېپىلىدۇ. ھەر بىر مەدەنىيەتنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت كىملىكى ۋە مەدەنىيەت خاسلىقى بولىدۇ. ھەر بىر مەدەنىيەتنىڭ رېئايە قىلىشقا تېگىشلىك ۋەتەن، مىللەت، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد مەنپەئەتلىرى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتتە ئىسلام دىنى ئىنسانلار ئارىسىدا تونۇشۇشقا ۋە چىقىشىپ ياشاش مەدەنىيىتىگە چاقىرىق قىلماقتا.چىقىشىپ ياشاش مەدەنىيىتى مەدەنىيەتلەر ئارا سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ۋە تونۇشۇش پرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەلۋەتتە بۇ يەردە ھەر بىر ئۇممەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەقىدە، مەدەنىيەت، ئەخلاق، تىل ۋە مىللى ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش لازىم.

ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆز-ئارا ھۆرمەتلەش مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئورتاق قىممەت-قاراشلارنى كەشىپ قىلىپ چىقىش، خەلقلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئۈچۈن مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىش دىنى مەجبۇرىيەت ۋە ئىنسانىي زۆرۈرىيەت. زېمىنىنى

گۈللەندۈرۈشتە بارلىق كىشىلەر ئورتاق. ئىنسانىنىڭ ھاياتى ۋە ھۆرمىتى مۇقەددەس مەسىلە.كىشىلەر ئارىسىدىكى ئورتاق پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىيانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنسانىي ھەمكارلىق ۋاجىپ.

ئىسلام باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ياشاش ئۈچۈن ئورتاقلىقنى ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان:«ئى ئەھلى كىتاب!(يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن» (ئال ئىمران،64-ئايەت).

ئىسلام ھىدايىتى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، قىيامەت بولغۇچە ھەر بىر شەخس ۋە ھەر بىر ئەۋلادنىڭ ھەققىدۇر. ئىسلام ھىدايىتى ھەر زامان ۋە ھەر ماكان ئۈچۈن ھىدايەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ قىيامەت كۈنىگىچە قوغداشقا كېپىل بولغان. ئىسلام ھىدايىتى تەڭپۇڭلۇق ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە مەدەنىيەت رىسالىسى بولۇپ، ئاساسىي بىلىم-مەرىپەت ۋە

ئىمانىدۇر. ئىسلام ھىدايىتى ئىنسانىنىڭ زېمىنىنى گۈللەندۈرۈشى، ياخشىلىق ۋە تىنچلىقنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن ئىنسانغا ئەۋزەل ھايات مېتودىنى سىزىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن:«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت)بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» (ھۇجۇرات سۈرىسى، 13- ئايەت).

بۇ ئايەتتە بارلىق ئىنسانلارغا ئەسلىنىڭ بىرلىكى توغرىسىدا ئەسكەرتمە بار، ئۇلار بىر ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغان. كۆپلىگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر قانچە مەسىلىلەردە پەرقلىق بولسىمۇ، بۇنى بىرلىك ئىچىدىكى تۈرلۈك بولۇش دەپ قارىغىلى بولىدۇ. بىرلىك ئىچىدىكى تۈرلۈك بولۇش توقۇنۇشنى ئەمەس، ھەمكارلىقنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە تۈرلۈك بولۇش زېمىنىنى گۈللەندۈرۈش، ھەقىقەت ۋە ياخشىلىقنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ۋە ئۇنۇملۈك ھەمكارلىشىشقا چاقىرىدۇ. ئىسلامنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى بىر قانچە نۇقتىدىن دۇنياۋى زىددىيەت ۋە ئەنسىزلىكنى خالىمايدۇ:

1.چۈنكى ئىسلام دىنى دۇنيانى ئىسلاھ قىلىش ۋە قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەن چاقىرىق.جىددىي ۋەزىيەت ۋە ئەنسىزلىك پرىنسىپ ۋە ئىدىيىنىڭ تارقىلىشىغا ئەشەددىي دۈشمەندۇر.

2.دۇنياۋى ئەنسىزلىك ۋە جىددىي ۋەزىيەت كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىلىرىگە خىزمەت قىلىدۇ. مۇسۇلمانلاردىكى ئەڭ ئەۋزەل نەرسە پرىنسىپ، قىممەت-قاراش، ئۆتكۈر ئومۇمىي قاراش ۋە ئالەم نەزىرىيىسى ئاساسلىرىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامغا كىرگەن مۇسۇلمانلار قىلىچنىڭ بېسىمىدا ئەمەس، قانائەتلىنىش ۋە ياخشى كۆرۈش ئاساسىدا كىرگەن.

3.دۇنياۋى زىددىيەت ۋە ئەنسىزلىك تەبىئىي ھاياتنىڭ ۋەيران بولىشىغا، مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشىغا ۋە

زېمىندىكى تۇرمۇش كەچۈرۈش مەنبەلىرىنىڭ قۇرۇپ تۈگەپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانلارنى تونۇشۇش، ھەمكارلىق، چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقا ۋە ئورتاقلىق نۇقتىلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئايەت دۇنياۋى ساھەدىكى پەزىلەت ۋە ئارتۇقچىلىقنى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە نوپۇزغا باغلىماي ياراتقۇچى ئاللاھدىن قورقۇشقا باغلىغان.

شۇڭا تۈرلۈك بولۇپ ياشاش ۋە مەدەنىيەت خاسلىقى رىئايە قىلىنمىسا؛ ئادالەت ۋە ھەق ھوقۇق قوغدالمىسا، مەزلۇملارغا ياردەم بېرىلمىسە ۋە زېمىندىكى قولايلىق تۇرمۇش كەچۈرۈش مەنبەلىرى توغرا ئىستېمال قىلىنمىسا بارلىق دۇنياۋى تۈزۈملەرنىڭ ئاقىۋىتى مەغلۇبىيەت ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

دۇنياۋى تىنچلىقنىڭ توغرا كىرىش ئېغىزى پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسىدىن پايدىلىنىش ۋە ئاخىرقى دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئۆرنەك قىلىش ئارقىلىق يېقىنلىشىدۇ ۋە روشەنلىشىدۇ.

شۇنداقلا بۇ ئايەت دۇنياغا رەھمەت، ئادالەت، باراۋەرلىك، ھىدايەت، تىنچلىق ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ دۇنياۋى دەۋەت ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرمەكتە. ئىسلام دەۋىتى كائىنات ۋە ھاياتنىڭ ئىشلىرىنى ھەقىقەت، ئادالەت ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا تەدبىر قىلىۋاتقان رەھىمدىل ۋە ئادىل ئاللاھنىڭ مېتودى. ئىسلام دەۋىتى يارىتىلىش، غايە ۋە ئاقىۋەت جەھەتتىن ئىنسانىيەت بىرلىكىنىڭ تەبىئىي ئىپادىسى. بۇ ئىنسانىيەت بىرلىكى ئادالەت ۋە تەقۋالىق ئارقىلىق ياخشىلىق ۋە تەرەققىياتنى رېئاللىقتا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنسانلار ھاياتىدا ھەمكارلىق، چىقىشىپ ياشاش ۋە تاكامۇللۇقنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيدۇ. ئىسلام بارلىق ئىنسانلار ئارىسىدا دۇنياۋى بىرلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىنسانىيەت ئارىسىدا ھەقىقىي تىنىچ چىقىشىپ ياشاش شەكلىنى تېپىپ چىقىشتا بىلىم-مەرىپەتنىڭ دۇنياۋى ئىكەنلىكىگە مەركەزلەشتۈرۈش لازىم. چۈنكى بىلىم-مەرىپەت ۋە مەلۇمات ئىنسانىي ئورتاقلىقتا ئىگە. ئىنسانىي

مەدەنىيەت مىۋىسىدە ھەسسە قوشقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەققى بار.

ئىسلام دىنىنىڭ نىشانى ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا يارايدىغان تەڭپۇڭلۇققا ئىگە پرىنسىپلارغا تايىنىپ ھەممە ئىنسانلار خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغان يۇقىرى ئىنسانىي مەدەنىيەتنى قۇرۇپ چىقىشتۇر. ئىسلام دىنى يۇقىرى كۆرسەتمىلىرى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ياراتقۇچى ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىدا، ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن بولغان ئالاقىسىدا، ئىنساننىڭ قېرىنداشى ئىنسان بىلەن بولغان ئالاقىسىدا ۋە ئەتراپىدىكى كائىنات بىلەن بولغان ئالاقىسىدا ئالى نەمۇنىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىنساننىڭ قېرىنداشى ئىنسان بىلەن بولغان ئالاقىسى قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان.

ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن ئالاقىسى:ئىنساننىڭ ھاياتتىكى بىرىنچى ۋەزىپىسى بولغان دىنىي پەرزلەر ۋە ئىبادەتلەرنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىش ئارقىلىق خالىس تەۋھىد ئۈستىگە قۇرۇلغان:«جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم» (زارىيات سۈرىسى، 56-ئايەت).

ئىنسانىنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان ئالاقىسى ھىدايەت ۋە ئازغۇنلۇق يولىنىڭ بىرىنى تاللاش ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە قارىتا ۋەزىپىسى نەپسىنىڭ پاسسىپ تەرەپلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىپ، ئۆزىنى پاكلاش ئۈستىگە قۇرۇلغان.

ئىنسانىنىڭ قېرىنداشلىق ئالاقىسى قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان:«ئى ئىنسانلار!سىلەرنى بىر ئىنساندىن(ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن)ياراتقان، شۇ ئىنساندىن(يەنى ئۆز جىنسىدىن)ئۇنىڭ جۈپتىنى (ھەۋۋانى)ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن)نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر-بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھدىن قورقۇڭلار، سىلە-رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى(يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر» (نىسا، 1-ئايەت)

رەسۇلۇللاھ:«ئى ئىنسانلار پەرۋەدىگارىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر، مىللەتلەر ئارىسىدا تەقۋالىقتىن باشقا ئارتۇقچىلىق يوق. قايسىڭلار ئاللاھدىن قورقساڭلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر»دېگەن. (ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان).

# «ئىسلامغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار» دېگەن ئايەت توغرىسىدا

«ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)» (بەقەر، 208-ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەت ئىسلامنىڭ كۆرسەتمە ۋە تەلىماتلىرىنى كۆڭلىگە ياقسۇن ياكى ياقمىسۇن بىر پۈتۈن ھالدا قوبۇل قىلىشقا بۇيرۇماقتا. بۇ ئايەت ئىسلامنى بىر پۈتۈن قوبۇل قىلماسلىقنى شەيتانغا ئەگەشكەنلىك دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماقتا. چۈنكى ئاللاھنىڭ يولى ئومۇمىي مەقسەت ۋە كۆز-قاراشلىرىدا باشقا يوللارغا ئوخشىمايدۇ، ئومۇمىي پرىنسىپلاردا سۇسلۇق قىلىش شەيتاننىڭ يولىغا ئاپتوماتىك ھالدا ئەگەشكەنلىكتۇر.

بۇ ئايەتنىڭ روھىدا تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى كۆرەلەيمىز:

1.ئاللاھنىڭ يولى مۇكەممەللىك ۋە يېگانىلىق بىلەن ئالاھىدە. ئۇ يول مۇكەممەل بولغانلىقى ئۈچۈن

باشقا پەلسەپە قاراشلارنىڭ ئىسلامنىڭ جەۋھىرىگە زىت كېلىدىغان ئىشلاردا باشقا ئامىللارغا مەيدان كېڭەيتىپ بەرمەيدۇ. ئىسلام يولىنىڭ باشقا يوللاردىن يېگانىلىقى ئالاھىدە سەزگۈرلۈكنى تەقەززا قىلىدۇ، چۈنكى بۇ يولدىن ياكى بۇ يولنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىدىن بۇرۇلۇپ كېتىش ئومۇمىي ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىشتا ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

ھەممە تەرەپتىن ساپ بولۇش پەقەتلا ئىماننىڭ نەزەرىيە قىسمى بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ يولىنى تەتبىقلاش ۋە بۇ يولنىڭ ئاكتىپ دائىرىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە مۇھىم. ئىماننىڭ ئېتىقاد سەۋىيەسىدە ساغلام بولىشى تەتبىقلاش باسقۇچىدا ئىسلامنى پارچىلاپ قوبۇل قىلىش بىلەن تەسىرلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلارغا بويسۇنۇپ ئاللاھنىڭ يولىنى پارچىلاپ ئېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان: «ئۇلار(يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)نىڭ ئارىسىدا ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ئاللاھ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر

قىسمىدىن سىنى ۋاز كەچۈرىشىدىن ساقلانغىن» (مائىدە، 49-ئايەت).

2.ئىسلام دىنىدا ياخشىلىق ئامىللىرى ساناقسىز بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى بۇ ياخشىلىق ئامىللىرىدىن قانچىلىك قوبۇل قىلالىسا ئىمانى ۋە مۇسۇلمانلىقىنىڭ مۇكەممەللىكى شۇنچىلىك بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆمرى ۋە كۈچى چەكلىك بولغاچقا، مۇسۇلمان كىشى ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئومۇمىي پرىنسىپلىرى بىلەن ھىدايەت تېپىپ ۋە كامالەتتىدىن بەھرىمەن بولغان بولسا؛ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكشۈۈكلۈكىنى ساقلاش ئۈچۈن تەييارلىقى، شارائىتى ۋە كۈچ قۇدرىتىگە يارىشا مۇناسىپ جانلىق مەيدانلارنى ئىبادەت مېھرابى سۈپىتىدە ئىزدىنىشى لازىم. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىنىڭ پەرز ئىبادەتلەرىن باشقا ئىبادىتى ئىلمىي ساھەدە يۇقىرى سەۋىيىدە نەتىجە قازىنىشىقا ئۇرۇنۇشتۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردە ئۆز ئۆزىگە تايىنىشى ئۈچۈن كەسپى خادىملارنىڭ ئۆز كەسپىدە پۇختا يېتىلىشى ئىبادەتتۇر. ئالىملارنىڭ ئىجتىھاد قىلىشى، دەۋەت قىلىشى، شەرىئەتنى زامانغا مۇناسىپ يورۇتۇپ بېرىشى، ياخشى ئىشلارغا يول كۆرسىتىپ،

پاسسىپ ئىشلارنى چەكلىشى، دىيانەتلىك بولۇش ئۇقۇمىنى يېڭىلىشى ۋە ئۇممەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ھەقىقى ھېس قىلىپ يېتىشى ئىبادەت.

ھاكىملارنىڭ ئىبادىتى ئادالەتنى تۇرغۇزۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنى ھىمايە قىلىشى، ئاممىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى قوغدىشى ۋە دەۋەتنى قانات يايدۇرۇشى ئىبادەتتۇر. ئەسكەرلەرنىڭ ئىبادىتى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى قوغداش ئۈچۈن ھەر زامان تەييار تۇرۇشى ئىبادەتتۇر. بايلار ۋە يۈزلۈك كىشىلەرنىڭ ئىبادىتى كەمبەغەللەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش، ئاجىزلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشى، مائارىپ ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىشى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئومۇمىي ئورگانلارنى قۇرۇپ چىقىشى ئىبادەتتۇر. بۇلاردىن قايسى بىرى ئۆزى ياخشى بىلىدىغان كەسپى مەيدانىدىن چىقىپ كەتسە، ئۆزىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى كاتتا ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ، بەلكى يامان ئاقىۋەتلىك ئېغىر زىيانلارغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر ئەھلى ئىلىمنىڭ غېمى مەسچىت ياسايمىز دەپ ئومۇمنىڭ

مال-مۈلكىنى ئىگىلەش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ كۆرەش قىلىدىغان ھەقىقى مەيداندىكى كۈچى ئازلاپ كېتىدۇ. ھاكىم ئۆزىنىڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلماي كېچەك تۈردىكى ياخشىلىق قىلىدىغان ئىشلار بىلەن ياكى نەپلە ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتسە، بۇ ھاكىمنىڭ قىلمىشى توغرا بولمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا دېگۈدەك پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ... ھەر بىر ئىشنى ئۆز ئورنىدا قويۇش لازىم.

3.ئىسلامنىڭ تۈزۈملىرى بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر بىرىنى جانلاندۇرىدۇ. شۇڭا ئىسلامنىڭ قايسى بىر تۈزۈمىدە ئاجىزلىق ياكى نۇقسان كۆرۈلسە، باشقا تۈزۈملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا سەلبىي پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە تۈرلۈك قىممەت-قاراش قۇرۇلمىلىرى بىر ئۇقۇمنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ. دېمەك، ئىسلامنىڭ قايسى بىر پرىنسىپىدىن ۋاز كېچىش ياكى چەتنەپ كېتىش ئىسلامنىڭ كائىنات كۆز-قارىشىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆرۈپ تاشلىغانلىق بولىدۇ، بۇنى بىلمەسلىك ئۇنى كۆزگە ئىلماي بىلمەسكە سېلىشقا ياكى تانغانغا ئوخشاشلا بىر ئىش. بىرەر قىسمىدىن ۋاز كېچىش نەزەرىيە سەۋىيىسىدىكى كۆز

قاراشنىڭ ئېنىقسىزلىقتۇر، تۇيغۇ سەۋىيىسىدىكى چوڭقۇر تەڭپۇڭلۇقتىكى تۇراقسىزلىقتۇر ۋە ئىش هەرىكەت ۋە رېئال هايات سەۋىيىسىدىكى ئىسلام هايات تۈزۈلمىسىنىڭ داۋالغۇشىدىن ئىبارەت مەسىلەن:

(1). زاكات ئىسلامنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمىسىنىڭ بىر قىسمى، بۇ پەرزنى ئادا قىلماسلىق ئىقتىساد تۈزۈلمىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي تۈزۈمگە زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زاكات ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرۇش ۋە ياردەم قىلىشقا ئوخشاش تۈزۈملەرنىڭ پائالىيەت سايىسىدا ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالايدۇ، بولمىسا ئىشسىزلىق ۋە بىكار تەلەپلىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. زاكات ئىسلام ئىقتىساد تۈزۈمىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىقتىساد تۈزۈلمىسى جانلىق بولمىسا مەقسىتىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالمايدۇ. دۆلەت ياكى خەلقنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى ئىقتىساد هەرىكىتىنىڭ قىسمەن يوقىلىشىغا، گۈللىنىش هەرىكىتىنىڭ ئاجىزلىقى، خىزمەت پۇرسىتىنىڭ ئازلىقى ۋە يوقسۇللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ .

دىمەك، زاكات تۈزۈمىنىڭ پائالىيەتچانلىقى دۆلەتنىڭ ھەر بىر كەمبەغەلگە ئىنسانىي ھۆرمىتىنى ساقلىيالىغۇدەك ۋە ئىشلەپچىقىرالايدىغان بىر ۋەزىيەتكە سەۋەب بولالىغۇدەك مىقداردا تۆۋەن دەرىجىدە بولسىمۇ يەتكۈدەك تۇرمۇش يولىنى ھازىرلاپ بېرىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا قىسمەن باغلىنىدۇ. ئەگەر دۆلەت بۇ مەسىلىدە سۇسلۇق قىلسا ئۇ چاغدا زاكات، سەدىقە، نەزىرە ۋە كاپپارەتكە تەۋە ئىقتىساد ھەل قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە كەمبەغەللەرنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلايدۇ.

(2). ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت مۇھىم ئىككى ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. بۇ ئىككى ئاساسنىڭ قايسى بىرىدە نۇقسان كۆرۈلسە، يەنە بىرسىنى ئادا قىلىشتا نۇقسانىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئائىلىنىڭ ۋەزىپىسى پەرزەنتلەرنى ساغلام ئېتىقاد، توغرا قىممەت-قاراش ۋە ئەدەب-ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەشتۇر. جەمئىيەتنىڭ ۋەزىپىسى ئىجابىي قىممەت-قاراشلارنى جانلاندۇرۇش ۋە ئەزالىرىنى ئەخلاقسىزلىق ياكى خاتا ئىستىلدىن ھىمايە قىلىشتا ئەكس ئېتىدۇ. نەمۇنىلىك تەربىيە قىممەت-قاراش ۋە

تۈزۈمگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشىنىشتە؛ ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ئىمان ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي ئۆلچەم بىلەن بىرلىشىشىدە نامايان بولىدۇ. ناۋادا ئائىلە تەربىيىسىدىكى قىممەت-قاراشلار بىلەن تەشۋىقات ۋاستىلىرى ياكى مەكتەپ ياكى جەمئىيەت تارقىتىۋاتقان قىممەت-قاراشلار ئارىسىدا پەرق بار دەپ پەرەز قىلساق، پەرزەنتلەرنىڭ شەخسىيىتى ئىككى تەرەپلىمە قىممەت-قاراشلار ئارىسىدا پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئائىلە تەربىيىسى كەڭرى جەمئىيەت تەرىپىدىن خەتەرگە ئۇچرايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بالىلار مەكتەپ ياكى جەمئىيەتتە ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئۆيدە يوشۇرىدۇ، ئۆيدە ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى مەكتەپ ياكى جەمئىيەتتە يوشۇرىدۇ. نەتىجىدە بالىلارنىڭ شەخسىيىتىدە قوش مىجەزلىك، ھەيرانلىق ۋە روھسىزلىق ئەۋج ئالىدۇ، نەتىجىدە شارائىتنىڭ ئېقىمى تارتىپ كېتىدۇ.

(3). ئىسلامنىڭ تۈزۈملىرى كائىنات نەزىرىيىسى، نىشان ۋە مەقسەتلىرىدە يەككە-يىگانە بولسا، ئىسلامنىڭ خاراكتېرىدىن بەك يات ئامىللارنىڭ كىرىشى ئىچكى مۇقىملىققا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. يات ئامىللار ئىسلامنىڭ روھى ۋە

ئاساسلىق تۈزۈملىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ قالسا، تەڭپۇڭلۇقنى ئۆرۈپ تاشلايدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ پرىنسىپلىرىغا خىزمەت قىلىدىغان ياكى ئەۋرىشىملىكى پەيدا قىلىدىغان بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان يېڭى نەرسىلەر بولسا قوبۇل قىلىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش ئىنسانىنىڭ خاراكتېرى، ئەگەر يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتىگە لاياقەتلىك كىشىلەر ئىگە بولمىسا، نادانلار ئىگە بولىدۇ.

# مۇندەرىجە

**مۇقەددىمە**..........................................................5

**بىرىنچى بۆلۈم**..........................................................9

**قۇرئانغا توغرا مۇئامىلە قىلىش ئاساسلىرى**.............11

**قۇرئان كەرىمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى**.........................13

(1).قۇرئان كەرىم ئىلاھى كىتاب..........................13

(2).قوغدالغان كىتاب.............................................14

(3).مۆجىزە كىتاب................................................16

(4).بۇ ئاسان، روشەن كىتاب ....................................19

(5).دىنىنىڭ دەستۇرى.............................................20

(6).قۇرئان ھەر زامانىنىڭ كىتابىدۇر.........................25

(7).ئىززەت-ھۆرمەت كىتابىدۇر...............................30

**قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسەتلىرى**.................................31
(1).ئەقىدە ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئىسلاھ قىلىش................31
(2).ئىنسانىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھوقۇقىنى بېكىتىش........37
(3).ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھدىن قورقۇش.......44
(4).ئىنسان نەپسىنى پاك قىلىش.............................47
(5).ئائىلە شەكىللەندۈرۈش ۋە ئاياللارغا ئىنساپ............49
(6).ئىنسانىيەتكە گۇۋاھلىق بېرەلىگۇدەك ئۈممەتنى... 53
ئىتائەتخۇمار............................................................54
ئوتتۇراھاللىق.........................................................55
بىرلىك...................................................................56
(7).ھەمكارلىشىدىغان ئىنسانىيەت دۇنياسىغا............58
ئىنساننى ئىنسانغا ئىبادەت قىلىشتىن ئازات............59
ئىنسانني قېرىنداشلىق ۋە باراۋەرلىك.......................60
ھەممە كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىش................62

دۇنياۋى تىنچلىق...................................................63
كەڭ قورساق بولۇش.................................................64

**قۇرئان ئەقلى مۆجىزە..........................................67**
**ۋەھيى بىلەن ئەقىلنىڭ ئالاقىسى...............................73**
(1).قۇرئان ۋە ئەقىل...............................................73
(2).ئەقلى نەزەر يۈرگۈزۈش مەيدانلىرى.........................76
(3).ئەقىل بىلەن نەقىل ئارىسىدا زىددىيەتنى قانداق...79
**قۇرئان كەرىم بىلىم-مەرىپەتنىڭ ئاچقۇچى...................85**
(1).ئىككى كىتابنى ئوقۇش..........................................87
(2).ئىككى كىتابنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇش پەرز...........89
(3).ئوقۇش پەرز .........................................................91
(4).ئىمان ئاساسىدا ئوقۇش چىقىش يولى بىردىنبىر....97
**قۇرئان سىزگە خىتاب قىلماقتا....................................99**

## ئىككىنچى بۆلۈم.................................................107

پاتىھە سۈرىسى ھەققىدە مۇلاھىزە..................................109

«بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن»دېگەن ئايەت ھەققىدە......130

«ئاللاھ سېنى بۇيرۇغانىدەك توغرا يولدا بولغىن» دېگەن...141

«ھەر قانداق قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە...148

«كىم ھېكمەتكە ئېرىشەلىسە،تولۇق ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ.....164

«ئىمان ئېيتقان ۋە توغرا يولدا ماڭغانلار» دېگەن ئايەت...175

«قىيىنچىلىق بىلەن ئاسانچىلىق بىرگە بار»دېگەن......183

«ئاللاھ كىمنى ئازدۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا توغرا يول بولمايدۇ...189

«ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇپ قاپتى، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى..195

«ئەگەر سەۋر قىلىپ،ئاللاھدىن قورقساڭلار،دۈشمەنلەر زىيان..203

«تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن تۈرلۈك مىللەت قىلىپ ياراتتۇق.214

«ئىسلامغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار» دېگەن ئايەت.................226